
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىدىن چىقىرىلىدۇ

# شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى

# 新疆人大



دولان چېچىكى — ئاقسۇ دولان سېمونت چەكلىك شىركىتى

2002 · 1

# ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 25 - يىغىنىدىن كۆرۈنۈش



مۇدىر ھامىدىن نىياز گۇرۇپپا مۇزاكىرىسىگە قاتناشتى ھەمدە ئالاقىدار قارارلار توغرىسىدا سۆز قىلدى.



مۇئاۋىن مۇدىر جاڭ خېلىڭ گۇرۇپپا مۇزاكىرىسىدە «ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ شەھەردە سۇنى تېجەپ ئىشلىتىشنى باشقۇرۇش نىزامى» غا پىكىر بەردى.



كارخانا ساھەسىدىن كەلگەن كومىتېت ئەزالىرى ئاپتونوم رايونلۇق ئىقتىساد - سودا كومىتېتىنىڭ كارخانا ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىيات خىزمىتى توغرىسىدىكى دوكلاتىنى قاراپ چىقتى.



ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى يىغىنىغا سىرتتىن قاتناشقان ئالاقىدار رەھبەرلەر دائىمىي كومىتېت قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ «ۋەكىللەر قانۇنى» نىڭ ئىجراسىنى تەكشۈرۈش ئەھۋالىدىن بەرگەن دوكلاتىغا قارىتا پىكىر بايان قىلدى.



مۇدىر ھامىدىن نىياز يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى

ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 25 - يىغىنى بەش كۈن داۋام قىلىپ 2001 - يىلى 30 - نويابىر ئاياغلاشتى. يىغىندا «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 5 - يىغىنىنى ئېچىش توغرىسىدىكى قارارى» ماقۇللىنىپ، ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 5 - يىغىنىنى 2002 - يىلى 1 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى ئۈرۈمچىدە ئېچىش قارار قىلىندى.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تەستىقلاشقا سۇنۇلغان «ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ شەھەردە سۇنى تېجەپ ئىشلىتىشنى باشقۇرۇش نىزامى» ۋە «ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ يېقىلغۇ گاز باشقۇرۇش نىزامى» تەستىقلاندى. كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش، ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش ئىشلىرى ماقۇللاندى.

**ۋاڭ شىنپىڭ فوتوسى**



كومىتېت ئەزالىرى گۇرۇپپا مۇزاكىرىسىدە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ «يېزا ئىگىلىك قانۇنى» نىڭ ئىجراسىنى تەكشۈرۈش ئەھۋالىدىن بەرگەن دوكلاتىنى قاراپ چىقتى.



ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى دەلىلقان مامىقان يىغىنغا سىرتتىن قاتناشتى.

# جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەپ گۈزەل سەھىپە يارىتايلى

ژۇرنىلىمىز تەھرىر بۆلۈمى

يېڭى ئەسىردىكى ئىككىنچى يېڭى يىلغا قەدەم قويغان، تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىلىۋاتقان تارىخىي شارائىتتا، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى يىغىنىنى ئېچىپ، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى مەخسۇس مۇزاكىرە قىلىپ، پارتىيىنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش، ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ فۇنكسىيىلىك رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇش توغرىسىدىكى چوڭ - چوڭ مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە قىلىپ، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش توغرىسىدا قارار چىقاردى. بۇ يېڭى ئەسىردە شىنجاڭنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى ۋە قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ، ئاپتونوم رايوننى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش قەدىمىنى تېزلىتىدۇ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا ۋە جەمئىيەتنىڭ ئومۇميۈزلۈك تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولىدۇ.

يىغىندا شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇلارنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىقنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، ئىقتىسادنىڭ ساغلام تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداش قاتارلىق جەھەتلەردە قولغا كەلتۈرگەن غايەت زور نەتىجىلىرى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈلۈپ، يېڭى دەۋردىكى خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىدە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتىن ئىبارەت بۇ مەركەزنى داۋاملىق چۆرىدەش، ئومۇمىيلىق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىقنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى ۋە مۇھىم ۋەزىپىسى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، يىغىندا ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەتلەردىن خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈشنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىنى تولۇق تونۇش، خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇلارنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ قانۇنىي ئورنىغا ھۆرمەت قىلىش، خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇلارنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ تۈرلۈك خىزمەت ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈشىنى قوللاش، يەرلىك دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگانلىرىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش تەلەپ قىلىندى.

بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ ئېچىلىشى ۋە «قارار» نىڭ چىقىرىلىشى شىنجاڭنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىدە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشقا ئىنتايىن ياخشى شارائىت يارىتىپ بەردى. ھازىر ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇلارنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ ئالدىغا قويۇلغان مۇھىم ۋەزىپە — بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ ۋە «قارار» نىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ ۋە چوڭقۇر ئىگىلەپ، خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈشكە بولغان تونۇشنى ئۆستۈرۈپ، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش شەرەپ تۇيغۇسى، مەسئۇلىيەتچانلىقىنى ۋە بۇرچ تۇيغۇسىنى ئاشۇرۇپ، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئىشەنچى ۋە ئىرادىسىنى چىڭىتىش؛ خىزمەتتىكى تەشەببۇسكارلىق، ئالدىن كۆرەرلىك ۋە قاراتمىلىقنى كۈچەيتىپ، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى كۈندىن كۈنگە ئىلگىرىلەپ دەۋرنىڭ ئالدىدا مېڭىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشتىن ئىبارەت.

بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش شىنجاڭدىكى خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇلارنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرىدىن تۈرلۈك خىزمەت ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈش داۋامىدا «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» ئىدىيىسىنى يېتەكچى قىلىپ، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە - قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى داۋاملىق كۈچەيتىشنى تۈپ ۋەزىپە قىلىپ، دېموكراتىيىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، قەتئىي قانۇن بويىچە ئىش قىلىپ، ئاپتونوم رايوننى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈشنى؛ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىشتا داۋاملىق چىڭ تۇرۇپ، ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىق ۋەزىيىتىگە ئائىلىق بويسۇنۇپ ۋە ئۇنىڭغا مۇلازىمەت قىلىپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلغان تۈرلۈك ئىشلارنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن بوشاشماي تىرىشىشنى؛ ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارنى تۈپ ھەرىكەت مىزانى قىلىپ، دېموكراتىيە - مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، مەسىلىلەرنى كوللېكتىپ قاراپ چىقىپ مۇزاكىرە قىلىپ، قانۇنىي تەرتىپلەر ئارقىلىق كوللېكتىپ قارار قىلىپ، ھەم خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن تولۇق چىقىشنى ھەم ھوقۇق دائىرىسىدىن ھالقىپ كەتمەسلىكنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە باشتىن - ئاخىر تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنىڭغا تايىنىپ، پارتىيە رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش بىلەن قەتئىي قانۇن بويىچە ئىش قىلىش، پارتىيىنىڭ كادىر باشقۇرۇشى بىلەن خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ قانۇن بويىچە سايلاش ۋە ۋەزىپىگە تەيىنلەش - قالدۇرۇشىنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىپ، چوڭ - چوڭ ئىشلاردا يوليورۇق سوراش، دوكلات قىلىش تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇپ، پارتكومنىڭ مۇھىم سىياسىتىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، پارتىيىنىڭ تەشەببۇسىنى قانۇندا بەلگىلەنگەن تەرتىپ بويىچە دۆلەتنىڭ ئىرادىسىگە ئايلاندۇرۇشقا ماھىر بولۇپ، پارتىيىنىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى تۈزۈم جەھەتتىن ۋە قانۇن جەھەتتىن ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ.

يېڭى يىل شىنجاڭنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىگە يېڭى پۇرسەت ئېلىپ كەلدى. ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇلارنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى يىغىنىنى ئاچقۇچ قىلىپ، ئىدىيىنى ئازاد قىلىپ، يېڭىلىق يارىتىپ، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەپ، خىزمەتنى پۇختا ئىشلەپ، دەۋر ۋە خەلق ئالدىدا يەرگە قاراپ قالماي شانلىق نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئاپتونوم رايوننىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ۋە ئۇنى ئىلگىرى سۈرۈشكە تېخىمۇ زور تۆھپە قوشقۇسى.

# شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى

# 新疆人大

( 月 刊)　　2002 - يىل 1 - سان　　( ئايلىق ژۇرنال )

( 22 - يىل نەشرى )　　( ئومۇمىي 226 - سان )

« شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى » ژۇرنىلى نەشرىياتى نەشر قىلدى

نەشرىيات باشلىقى : ئەنۋەر غۇلام

« شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى » ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى تۈزدى

باش تۈزگۈچى : سەمەت دۇگايلى

مۇھەررىرلەر : تاھىر مامۇت ، نۇرگۈل كېرەم


## مەخسۇس خەۋەر


ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى يىغىنى ئاچتى ...................... ( 4 )


## مۇھىم قارار


ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتىنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش توغرىسىدىكى قارارى ...................... ( 6 )


## رەھبەرلەرنىڭ سۆزى


« ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش » مۇھىم ئىدىيىسىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈپ ، يېڭى ئەسىردە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىدە تىرىشىپ يېڭى ۋەزىيەت يارىتايلى ...... ۋاڭ لېچۈەن ( 13 )

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەمۇرىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈش سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ ، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلەيلى ...................... ئابلەت ئابدۇرېشىت ( 34 )

ئىدىيىنى ئازاد قىلىپ ، يول ئېچىپ يېڭىلىق يارىتىپ ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى يېڭى سەۋىيىگە كۆتۈرەيلى ...................... ھامىدىن نىياز ( 43 )


## سايلام خەۋەرلىرى


كۇچا ، شايار ، توقسۇ ، باي ناھىيىلىرى يېزا - بازارلىق خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلام خىزمىتىدە « سەككىزنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش » نى ئىشقا ئاشۇردى ...................... ( 53 )

سايلام كادىرلىرى دېھقانلارغا ئەمەلىي ئىش قىلىپ بەردى............ ( 55 )
لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ يېزا ـ بازارلىق خەلق قورۇلتايلىرىنىڭ نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلام خىزمىتى ساغلام ئېلىپ بېرىلدى............ ( 56 )

## خەۋەرلەر

ساۋەن ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى يېزا ـ بازارلىق خەلق قورۇلتايلىرىنىڭ نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلام خىزمىتىگە ئەھمىيەت بەردى............ ( 57 )
چىرا ناھىيىسىدە يېزا ـ بازارلىق خەلق قورۇلتىيىنىڭ نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمىنىڭ ئېلىپ بېرىلىشىغا ياخشى ئاساس سېلىندى............ ( 57 )
بەشئېرىق بازىرىدا نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلام خىزمىتى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلدى............ ( 58 )
لوپ ناھىيىسىدە يېزىلىق، بازارلىق خەلق قورۇلتايلىرىنىڭ نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلام خىزمىتى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلماقتا............ ( 58 )
چىرا ناھىيىسىدە يېزا ـ بازارلىق خەلق قورۇلتايلىرىنىڭ نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلام خىزمىتى ئومۇمىيۈزلۈك باشلىنىپ كەتتى............ ( 59 )
لوپنۇر ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى نازارەتچىلىك سالمىقىنى ئاشۇردى............ ( 60 )
ئاقتۇ ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى ناھىيە دەرىجىلىك خەلق قورۇلتىيىنىڭ قىسمەن ۋەكىللىرىنى ئاقتۇ ناھىيىسىنىڭ سۇ ئىنشائاتى قورۇلۇشىنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە تەشكىللىدى............ ( 60 )
ياتور يېزىسى « شىنجاڭ خەلق قورۇلتىيى » ژۇرنىلىغا مۇشتەرى قوبۇل قىلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىدى............ ( 61 )
ئابلىمىت ئابلانىڭ ۋەكىللىك سالاھىيىتى ئېلىپ تاشلاندى............ ( 61 )
غۇلجا ناھىيىسى يېزىلارنىڭ توك باھاسىنى تەڭشىدى............ ( 61 )
ئونسۇ ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى تەكلىپلەرنىڭ بېجىرىلىش نىسبىتىنى 100% كە يەتكۈزدى............ ( 62 )
بىر ۋەكىلنىڭ يول كۆرسىتىشى بىلەن ئىككى مىڭ يۈەن جەرىمانە ئىگىسىگە قايتۇرۇلدى............ ( 62 )
قاغىلىق ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى 6 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ « قارارى » نى ئىزچىللاشتۇرۇشنى چىڭ تۇتتى............ ( 63 )
پېشقەدەم پارتىيە ئەزاسىنىڭ دىلى مېھرىبانلىقتىن سۆيۈندى............ ( 63 )

## ئەتىرگۈل

ئاھ، دىپلوم............ باتۇرجان ئاتىخان ( تاجىك ) ( 64 )

بۇ ژۇرنال ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، قازاقچە نەشر قىلىنىدۇ
ھەر ئاينىڭ 5 ـ كۈنى نەشردىن چىقىدۇ، جايلاردىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى تارقىتىدۇ
مۇقاۋىسى ۋە تېكىستى شىنجاڭ شىنخۇا 3 ـ باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
مەملىكەت ئىچىدىكى بىر تۇتاش نومۇرى CN65- 1033/ D- W
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 34 ـ 58 پوچتا نومۇرى: 830000
ئادرېسىمىز: ئۈرۈمچى شەھىرى شىمالىي دوستلۇق يولى 45 ـ قورۇ
تېلېفون: 4828065 ئارقىلىق 61203، 61208

# ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى يىغىنى ئاچتى

## ۋاڭ لېچۈەن، ئابلەت ئابدۇرېشىت، ھامىدىن نىياز مۇھىم سۆز قىلدى، جۇشېڭتاۋ خۇلاسە سۆزى قىلدى

ئۆز مۇخبىرىمىز چېن فېڭ خەۋىرى: 13 ـ 14 ـ يانۋار ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى يىغىنى ئېچىپ، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى مەخسۇس مۇھاكىمە قىلىپ، يېڭى ۋەزىيەتتىكى خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى ۋە مۇھىم ۋەزىپىسىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇپ، ھەر دەرىجىلىك پارتكوملاردىن خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىشنى ۋە ياخشىلاشنى، ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ فۇنكسىيىلىك رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىدە يېڭى سەۋىيە يارىتىشنى تەلەپ قىلدى. يىغىندا تولۇق مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق « ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتىنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش توغرىسىدىكى قارارى » ( تولۇق تېكىستى ئايرىم بېرىلدى) چىقىرىلدى.

يىغىندا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن « ، ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش، مۇھىم ئىدىيىسىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈپ، يېڭى ئەسىردە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىدە تىرىشىپ يېڭى ۋەزىيەت يارىتايلى » دېگەن تېمىدا مۇھىم سۆز قىلدى؛ ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلەپ، ئاپتونوم رايوننىڭ مەمۇرىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش توغرىسىدا مۇھىم سۆز قىلدى؛ ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ھامىدىن نىياز « ئىدىيىنى ئازاد قىلىپ، يول ئېچىپ يېڭىلىق يارىتىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى يېڭى سەۋىيىگە كۆتۈرەيلى » دېگەن تېمىدا مۇھىم سۆز قىلدى.

ۋاڭ لېچۈەن سۆزىدە يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ خىزمىتىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈپ ۋە ئۇنىڭغا يۇكسەك باھا بېرىپ، يېڭى ۋەزىيەتتىكى خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنىڭ مۇھىملىقى ۋە تەخىرسىزلىكىنى شەرھلىدى، ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىقىدىكى فۇنكسىيىلىك رولىنى تېخىمۇ جارى قىلدۇرۇش، پارتىيىنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكىنى ھەقىقىي كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاشقا قارىتا ئېنىق تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويدى ( تولۇق تېكىستى ئايرىم بېرىلدى ) . ئابلەت ئابدۇرېشىت خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىگە بولغان تونۇشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ھۆكۈمەتنىڭ قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى ئومۇميۈزلۈك ئىلگىرى سۈرۈش مەسىلىسىنى تەكىتلىگەندىن كېيىن، ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەردىن خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نازارىتىنى قانۇن بويىچە قوبۇل قىلىپ، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ خىزمىتىگە پائال ماسلىشىشنى تەلەپ قىلدى ( تولۇق تېكىستى ئايرىم بېرىلدى ) . ھامىدىن نىياز ئاپتونوم رايونىمىز خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى ۋە ئاساسىي تەجرىبىلىرىنى سىستېمىلىق خۇلاسىلىدى، پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنىڭغا تايىنىش، پارتىيىنىڭ مەركىزىي خىزمىتىنى ۋە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىق ۋەزىيىتىنى چۆرىدىگەن ھالدا خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئەستايىدىل ئادا قىلىش، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنىڭ سەۋىيىسىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈش كېرەكلىكىنى

تەكىتلىدى ( تولۇق تېكىستى ئايرىم بېرىلدى ).

يىغىن ئاخىرىدا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى جۇشېڭتاۋ خۇلاسە سۆزى قىلدى. ئۇ مۇنداق دېدى: بۇ قېتىمقى يىغىن ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم يېڭى ۋەزىيەت تەلىپىگە ماسلىشىش ئۈچۈن ئاچقان مۇھىم يىغىن، ئۇ ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىگە كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقى ۋە ئۇنى قوللايدىغانلىقىنى تولۇق ئىپادىلىدى. پارتىيە 15 ـ نۆۋەتلىك 6 ـ ئومۇمىي يىغىنى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم 6 ـ نۆۋەتلىك 2 ـ ئومۇمىي ( كېڭەيتىلگەن ) يىغىنىنىڭ روھىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇش، « ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش » مۇھىم ئىدىيىسىنى يەنىمۇ ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش، خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىدە داۋاملىق چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىقىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ئۇ ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، خەلق قۇرۇلتىيى، ھۆكۈمەت ۋە ئالاقىدار تارماقلاردىن ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ ئىزچىللاشتۇرۇپ، يىغىننىڭ روھىنى ئۆگىنىشنى « ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش » مۇھىم ئىدىيىسىنى ئۆگىنىش بىلەن، ئاپتونوم رايونىنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش قەدىمىنى تېزلىتىش بىلەن، شۇ رايون، شۇ تارماق، شۇ ئورۇننىڭ ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈشنى؛ ئۆگىنىش ئارقىلىق، ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلارنىڭ يېڭى ۋەزىيەتتە خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى كۈچەيتىشنىڭ مۇھىملىقىغا بولغان تونۇشىنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇپ ۋە بىرلىككە كەلتۈرۈپ، خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ئاڭلىقلىقىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى خىزمىتىگە كۈچلۈك تۈرتكە بولۇشنى تەلەپ قىلدى.

جۇشېڭتاۋ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار، خەلق قۇرۇلتىيى، ھۆكۈمەت ۋە ئالاقىدار تارماقلار بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ روھى بويىچە، جايلارنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، تەجرىبىلەرنى ئەستايىدىل خۇلاسىلەپ، ساقلانغان مەسىلىلەرنى تېپىپ چىقىپ، ھەقىقىي يولغا قويۇشقا بولىدىغان ئىزچىللاشتۇرۇش پىكرى ۋە خىزمەت تەدبىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار يىغىننىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى مۇھىم ئىشلار كۈنتەرتىپىگە كىرگۈزۈپ، ئومۇمىيلىقىنى نەزەردە تۇتۇش، ھەر قايسى تەرەپلەرنى ماسلاشتۇرۇشتىكى رەھبەرلىك رولىنى ھەقىقىي جارى قىلدۇرۇپ، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ خىزمەت ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈشىنى قوللىشى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر ۋە ئالاقىدار تارماقلار « قارار » نىڭ ۋە ۋاڭ لېچۈەن قاتارلىق رەھبەرلەرنىڭ سۆزىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تىرىشىپ شارائىت يارىتىپ، ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ فۇنكسىيىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇشىنى پائال قوللىشى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى يىغىننىڭ روھى بويىچە، پارتىيە رەھبەرلىكى بىلەن خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇشنىڭ بىردەكلىكىدە تېخىمۇ چىڭ تۇرۇپ، فۇنكسىيىلىك رولىنى ئۈنۈملۈك جارى قىلدۇرۇش ئارقىلىق ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىقىنى ئىلگىرى سۈرۈشى كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى مۇھەممەت روزى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى مەمەت يۈسۈپ يىغىندا يازما سۆز قىلدى. ئاپتونوم رايوننىڭ پارتىيە ـ ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىدىن جانابىل، ئىسمايىل تىلىۋالدى، خوجىيايەن، ۋاڭ جىنشياڭ، چېن دېمىن، جاڭ شيۇمىڭ، جۇيۈمىن، ياڭ گاڭ، ئەركىن ئىمىرباقى، فۇچياڭ، ئاپتونوم رايونغا قاراشلىق ھەر قايسى بۆلۈم، كومىتېت، ئىشخانا، نازارەت، ئىدارە ۋە خەلق تەشكىلاتلىرىنىڭ رەھبەرلىرى، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ مەسئۇللىرى يىغىنغا قاتناشتى.

نۇرگۈل كېرەم تەرجىمىسى

# ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتىنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش توغرىسىدىكى قارارى

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتلىرى قۇرۇلغاندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە ھەر دەرىجىلىك پارتكوملارنىڭ رەھبەرلىكىدە دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ۋە پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش ئىستراتېگىيىسىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىشنى ۋە ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىق ۋەزىيىتىنى زىچ چۆرىدەپ، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردا بېرىلگەن خىزمەت ھوقۇقىنى پائال يۈرگۈزۈپ، نۇرغۇن ئۈنۈملۈك خىزمەتلەرنى ئىشلەپ، ئاپتونوم رايوننىڭ ئىسلاھات - ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشتا ۋە ئۇنى ئىلگىرى سۈرۈشتە، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداشتا مۇھىم تۆھپە قوشتى. يېڭى ۋەزىيەت ۋە يېڭى ۋەزىپە ئالدىدا پارتىيىنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى خىزمىتى ۋە قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئاپتونوم رايوننى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش قەدىمىنى تېزلىتىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا ۋە جەمئىيىتىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك تەرەققىي قىلىشىغا ياخشى قانۇنچىلىق مۇھىتى ھازىرلاش ئۈچۈن، ئالاھىدە بۇ قارارنى چىقاردۇق.

**1. خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈشنىڭ مۇھىملىقىغا بولغان تونۇشنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈش لازىم**

( 1 ) خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈشنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىنى چوڭقۇر تونۇش. خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى دۆلىتىمىزنىڭ تۈپ سىياسىي تۈزۈمى، پارتىيىنىڭ خەلقنىڭ ئۆزىگە خوجا بولۇپ، دۆلەت ھاكىمىيىتىنى يۈرگۈزۈشىگە رەھبەرلىك قىلىشىدىكى ئەڭ ياخشى ھاكىمىيەت تەشكىلىي شەكلى. خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە ۋە سوتسىيالىزم تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇپ، سوتسىيالىستىك دېموكراتىك سىياسىي قۇرۇلۇشنى كۈچەيتىپ، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، دۆلەتنى ئۇزاققىچە ئەمىن تاپقۇزۇپ، ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىققا كاپالەتلىك قىلىش ۋە ئۇنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. بارلىق پارتىيىلىك كادىرلار، ھەر دەرىجىلىك دۆلەت ئورگىنىنىڭ خىزمەتچى خادىملىرى خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈشنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىنى تولۇق تونۇپ، خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇلارنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ قانۇنىي ئورنىغا ھۆرمەت قىلىپ، خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمىتىنى ئىجادىي قانات يايدۇرۇشنى قوللاپ، يەرلىك دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگىنىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشى كېرەك.

( 2 ) بارلىق پارتىيە ئەزالىرى ، كادىرلارنىڭ بولۇپمۇ ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلارنىڭ دېموكراتىيە - قانۇنچىلىق ئېڭىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈش. پارتىيە خەلقنىڭ ئاساسىي قانۇن، قانۇنلارنى تۈزۈشىگە شۇنداقلا ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارغا رىئايە قىلىشىغا رەھبەرلىك قىلىدۇ. بارلىق پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار ئاساسىي قانۇن، قانۇنلار ۋە خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىگە دائىر ئاساسىي بىلىملەرنى ئۆگىنىشنى چىڭ تۇتۇپ، دېموكراتىيە ئېڭى ۋە قانۇنچىلىق قارىشىنى كۈچەيتىشى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە مەكتەپلىرى، كادىرلار مەكتەپلىرى خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى ئاساسىي نەزەرىيىسى ۋە

قانۇن بىلىملىرىنى زۆرۈر دەرسلىك قىلىشى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە پارتىيىلىك رەھبىرىي كادىرلار پارتىيە نىزامنامىسى ۋە ئاساسىي قانۇندىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە، ئاكتىپلىق ھالدا ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلار دائىرىسىدە پائالىيەت ئېلىپ بېرىپ، ئۆزىنىڭ سۆز ھەرىكىتىنى قانۇن بويىچە قېلىپلاشتۇرۇپ، قەتئىي قانۇن بويىچە ئىش قىلىشنىڭ نەمۇنىچىسى بولۇشى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە ـ ھۆكۈمەت ئورگانلىرى تارقاتقان ھۆججەت ۋە رەھبىرىي كادىرلارنىڭ سۆزىدە ھەم پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرى گەۋدىلەندۈرۈلۈشى ھەم ئۇ ئاساسىي قانۇن، قانۇنلار، نىزاملارنىڭ بەلگىلىمىسىگە ئۇيغۇن كېلىشى كېرەك.

( 3 ) خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنى تەشۋىق قىلىش ۋە تەتقىق قىلىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىش. خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنى ۋە دېموكراتىيە ـ قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى تەشۋىق قىلىش، پارتىيىنىڭ تەشۋىقات خىزمىتىنىڭ مۇھىم تەركىبى. ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى، دېموكراتىيە ـ قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى ۋە خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى تەشۋىق قىلىشنى پارتكوم تەشۋىقات خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي ئورۇنلاشتۇرۇشىغا كىرگۈزۈشى، ھەر دەرىجىلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى ۋە خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئورگىنى خەلق قۇرۇلتىيى تەشۋىقات خىزمىتىنى تەشكىللەپ ماسلاشتۇرۇشى، ھەر قايسى ئاخبارات ئورۇنلىرى كونكرېت تەشۋىق قىلىش پىلانىنى تۈزۈشى ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈشى كېرەك. خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنى، خ ق دائىمىي كومىتېتى يىغىنى ۋە قانۇن چىقىرىش خىزمىتى ئەھۋالىدىن ۋاقتىدا خەۋەر بېرىش، مەخسۇس سەھىپە، مەخسۇس بەت ۋە مەخسۇس پروگرامما تەسىس قىلىش ئارقىلىق، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىگە ئالاقىدار چوڭ ـ چوڭ پائالىيەت ۋە ۋەكىللەر پائالىيىتىنى تەشۋىق قىلىش سالمىقىنى زورايتىپ، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى تەشۋىق قىلىشنى دائىملىق ئىشقا ئايلاندۇرۇش، تۈزۈملەشتۈرۈش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتلىرى ئۆچۈر ئالماشتۇرۇش مېخانىزمىنى ئورنىتىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى نەزەرىيە تەتقىقاتىنى پائال قانات يايدۇرۇپ، تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەشكە ماھىر بولۇپ، يېڭى دەۋردىكى خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ يوللىرى ۋە چارىسى ئۈستىدە ئىزدىنىشى كېرەك.

**2 . پارتىيىنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش لازىم**

( 4 ) خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى يەنىمۇ كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش. پارتىيە خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىشتا ھەممىدىن مۇھىمى سىياسىي جەھەتتىكى رەھبەرلىكنى كۈچەيتىشى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگىنىنىڭ فۇنكسىيىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇش ئارقىلىق، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەن، ئاساسىي فاڭجېنىنىڭ ئىزچىللاشتۇرۇلۇشىغا قانۇن ۋە تۈزۈم جەھەتتىن كاپالەتلىك قىلىشقا ماھىر بولۇشى، خەلق مەنپەئىتى ۋە ئىرادىسىگە ۋەكىللىك قىلىش تەشەببۇسىنى دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگىنىنىڭ قانۇندا بەلگىلەنگەن تەرتىپى ئارقىلىق دۆلەتنىڭ ئىرادىسىگە ئايلاندۇرۇشقا، پۈتكۈل خەلقنىڭ ھەرىكەت مىزانىغا ۋە ئورتاق ھەرىكىتىگە ئايلاندۇرۇشقا ماھىر بولۇشى كېرەك. خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى پارتىيە خىزمىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار ئومۇمىيلىقنى نەزەردە تۇتۇپ، خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇلارنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرى خىزمەت ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈش جەريانىدا دۇچ كەلگەن چوڭ ـ چوڭ مەسىلىلەرنى ماسلاشتۇرۇپ ھەل قىلىشقا ماھىر بولۇپ، ئۇلارنىڭ خىزمەت ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈشىگە ياخشى تاشقى مۇھىت ھازىرلاپ بېرىشى كېرەك. خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى مۇھىم ئىشلار كۈنتەرتىپىگە كىرگۈزۈپ، ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى ھەر يىلى ھېچبولمىغاندا بىر قېتىم ئاڭلىشى، خ ق دائىمىي كومىتېتى پارتگورۇپپىسى سورىغان ئىشلارنى ۋاقتىدا مۇزاكىرە قىلىپ تەستىقلىشى

كېرەك. خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، ھەر دەرىجىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتلىرىنى تەڭ دەرىجىلىك پارتكوملارنىڭ مۇددىئاسىنى تېخىمۇ ياخشى چۈشىنىش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن، خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ۋە پارتگورۇپپا شۇجىسىنى ئايرىم تەيىن قىلىش ھالىتىنى ساقلاش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھەر دەرىجىلىك پارتكوملارنىڭ شۇجىسى ياكى بىر مۇئاۋىن شۇجىسى تەڭ دەرىجىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىقى ياكى پارتگورۇپپا شۇجىلىقىنى قوشۇمچە ئۆتىسە بولىدۇ؛ تەڭ دەرىجىلىك پارتكوملارنىڭ رەھبەرلىك كوللېكتىپىدا ۋەزىپە ئۆتىمەيدىغان خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ياكى خىزمەتكە رىياسەتچىلىك قىلىۋاتقان مۇئاۋىن مۇدىرى پارتكوم دائىمىي كومىتېت يىغىنىغا سىرتتىن قاتنىشىشى كېرەك.

( 5 ) پارتىيىگە بولغان تونۇشنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈپ، پارتىيە رەھبەرلىكىنى ئاڭلىق قوبۇل قىلىش. ھەر دەرىجىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتلىرى «ئۆچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى يېتەكچى قىلىپ، ئاپتونوم رايونلۇق 6 - نۆۋەتلىك پارتىيە قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، خىزمەتنى تەڭ دەرىجىلىك پارتكوملارنىڭ مەركىزىي ۋەزىپىسىنى زىچ چۆرىدىگەن ھالدا قانات يايدۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ، پارتىيىنىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرىنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىدە ئومۇميۈزلۈك، توغرا ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ ئىجرا قىلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. خ ق دائىمىي كومىتېت پارتگورۇپپىسى يوليورۇق سوراش، دوكلات قىلىش تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇپ، تەڭ دەرىجىلىك پارتكومغا خىزمەتتىن دائىم، تەشەببۇسكارلىق بىلەن دوكلات بېرىپ، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى باشتىن-ئاخىر تەڭ دەرىجىلىك پارتكومنىڭ رەھبەرلىكى ئاستىغا قويۇشى لازىم. ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ ۋەكىللىرى ۋە دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەر ئىچىدىكى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئەزالىرى پارتىيىگە، خەلققە مەسئۇل بولۇشتەك بىردەكلىكتە چىڭ تۇرۇپ، پارتكومنىڭ مۇددىئاسىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، پارتىيە ئىنتىزامىغا قەتئىي رىئايە قىلىپ، پارتكومنىڭ چوڭ-چوڭ سىياسەتلىرىنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

**3. خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمەت ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈشىنى پائال قوللاش لازىم**

( 6 ) ئاپتونوم رايوننى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش قەدىمىنى پائال تېزلىتىش. ئاپتونوم رايوننى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش — دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش ئىستراتېگىيىسىنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كونكرېت ئەمەلىيىتى. ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار مەركەزنىڭ تەلىپى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش ئىستراتېگىيىسىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايوننى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشتىكى تۈرلۈك تەدبىرلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تۈرلۈك ئىشلارنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش قەدىمىنى ئومۇميۈزلۈك تېزلىتىشى لازىم. دېموكراتىيە - قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى يەرلىك ھەر دەرىجىلىك دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگانلىرىنىڭ مەركىزىي ۋەزىپىسى. ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇلارنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرى ئاپتونوم رايوننى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشتا مۇھىم مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئېلىپ، ئىنتايىن مۇھىم رولىنى جارى قىلدۇرماقتا. ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇلارنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ خىزمەت ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈشىگە رەھبەرلىك قىلىپ ۋە ئۇنى قوللاپ، يەرلىك نىزام چىقىرىش ۋە قانۇن نازارەتچىلىكىنى يەنىمۇ ياخشىلاش ۋە كۈچەيتىش ئارقىلىق تۈرلۈك خىزمەتلەردە ئاپتونوم رايوننى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ چوڭقۇر ئېلىپ بېرىلىشىغا تۈرتكە بولۇشى كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش بىلەن ئەخلاق ئارقىلىق ئىدارە قىلىشنى زىچ بىرلەشتۈرۈشى كېرەك.

( 7 ) يەرلىك نىزام چىقىرىش خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى ھەقىقىي كۈچەيتىش. يەرلىك نىزام چىقىرىش ئېلىمىز قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. يەرلىك نىزام چىقىرىش خىزمىتىدە ئىلگىرىكى تەجرىبىلەرنى خۇلاسىلەش ئاساسىدا، غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ۋە ئېلىمىزنىڭ WTOغا ئەزا بولۇش تەلىپىگە ئاساسەن، قانۇن چىقىرىش قانۇنىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايوننىڭ ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىقىغا جىددىي ئېھتىياجلىق بولغان يەرلىك نىزاملارنى چىڭ تۇتۇپ تۈزۈپ، نىزاملارنىڭ قاراتمىلىقى ۋە قوللىنىلىشچانلىقىنى ئاشۇرۇش كېرەك. دۆلەتنىڭ يېڭىدىن ئېلان قىلغان قانۇن ـ نىزاملىرىغا ئۇيغۇن كەلمەيدىغان، غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسىگە ماس كەلمەيدىغان، ئىسلاھات ـ ئېچىۋېتىش ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا توسقۇنلۇق قىلىدىغان يەرلىك نىزام ۋە قائىدىلەرنى تېزدىن ئېنىقلاپ بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. يەرلىك نىزام چىقىرىش خىزمىتىدە ئاممىۋى لۇشيەندە مېڭىشتا چىڭ تۇرۇپ، چىقىرىلغان نىزامنى دەلىللەش، گۇۋاھلىق ئاڭلاش تۈزۈمىنى ئورنىتىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ھەر قايسى تەرەپلەرنىڭ پىكرىنى كەڭ دائىرىدە ئاڭلاپ، تارماقنىڭ مەنپەئەتىنى نامۇۋاپىق كېڭەيتىۋېتىش خاھىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك. ئاپتونوم رايوننىڭ يەرلىك نىزام چىقىرىش پىلانى، يىللىق نىزام چىقىرىش پىلانى ۋە مۇھىم نىزام لايىھىسىنى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم مۇزاكىرە قىلغاندىن كېيىن، يېتەكچىلىك پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشى كېرەك. ھۆكۈمەت ۋە ئالاقىدار تارماقلار خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ نىزام چىقىرىش پىلانىنى قەتئىي ئىجرا قىلىپ، نىزام لايىھىسىنى تۈزۈش، دەلىللەش، ئۇنىڭغا قارىتا پىكىر ئېلىش خىزمىتىنى پائال ماسلىشىپ ياخشى ئىشلەپ، بىر قەدەر پىشقان نىزام لايىھىسىنى خ ق دائىمىي كومىتېتىغا ۋاقتىدا يوللىشى كېرەك. قانۇن چىقىرىش قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، نىزام تۈزۈش سەۋىيىسىنى ئىلگىرى سۈرۈشى كېرەك.

( 8 ) خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇلارنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ نازارەتچىلىك ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈشىنى قوللاش. ئاساسىي قانۇن، قانۇنلار، نىزاملارنىڭ شۇ مەمۇرىي رايوندا رىئايە قىلىنىشى ۋە ئىجرا قىلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىپ، مەمۇرىي، سوت، تەپتىش ئورگىنى ۋە ئۇنىڭ خىزمەتچى خادىملىرىنىڭ خىزمىتىنى نازارەت قىلىش ئاساسىي قانۇن، قانۇنلاردا ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇلارنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرىغا بېرىلگەن مۇھىم خىزمەت ھوقۇقى. ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار تەڭ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇلارنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ نازارەتچىلىك ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈشىنى قوللاپ، نازارەتچىلىك سالمىقىنى زورايتىپ، نازارەتچىلىكنىڭ ئەمەلىي ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇشى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇلارنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرى نازارەتچىلىك مەسئۇلىيىتىنى مەردانىلىك بىلەن زىممىسىگە ئېلىپ، قانۇن بەلگىلىمىلىرىدىكى تۈرلۈك نازارەتچىلىك ۋاسىتىسىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، ھۆكۈمەت، ئىككى مەھكىمە خىزمىتى ۋە دۆلەت ئورگىنى خىزمەتچى خادىملىرىنى قانۇن جەھەتتىن نازارەت قىلىشنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، ھۆكۈمەت، ئىككى مەھكىمىنىڭ مەمۇرىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈشى، قانۇننى ئادىل ئىجرا قىلىشىغا ھەيدەكچىلىك قىلىپ، قانۇنغا ئاساسلانماسلىق، قانۇننى قاتتىق ئىجرا قىلماسلىق، قانۇنغا خىلاپلىق قىلغانلارنى سۈرۈشتۈرمەسلىك مەسىلىلىرىنى تۈگىتىشى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر، سوت مەھكىمىلىرى ۋە تەپتىش مەھكىمىلىرى خ ق دائىمىي كومىتېتىغا تەشەببۇسكارلىق بىلەن خىزمىتىدىن دوكلات بېرىپ، خ ق دائىمىي كومىتېتى ئوتتۇرىغا قويغان پىكىر، تەۋسىيەلەرنى ئەستايىدىل مۇزاكىرە قىلىپ ھەل قىلىشى، خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ، شۇنىڭدەك ئاممىنىڭ نازارىتىنى ئاڭلىق قوبۇل قىلىشى كېرەك.

( 9 ) خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇلارنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ چوڭ ـ چوڭ ئىشلارنى قارار

قىلىش ھوقۇقىنى قوللاش. قانۇندا خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ قارار قىلىشى بەلگىلەنگەن ئىشلار خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇلارنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ مۇزاكىرە قىلىپ قارار قىلىشىغا سۇنۇلۇپ، پارتىيىنىڭ تەشەببۇسى قانۇنىي تەرتىپ ئارقىلىق دۆلەتنىڭ ئىرادىسىگە ئايلاندۇرۇلۇشى، دۆلەتنىڭ مەجبۇرلاش كۈچىدىن پايدىلىنىپ ئۇنىڭ ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشىگە كاپالەتلىك قىلىنىشى كېرەك. خ ق دائىمىي كومىتېتى ماقۇللىغان قارار، بېكىتمىلەرنى پارتىيە تەشكىلى ۋە دۆلەت ئورگانلىرى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈشى كېرەك. ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتى چوڭ ـ چوڭ ئىشلارنى مۇزاكىرە قىلىپ قارار قىلىشتا دائىر بەلگىلىمىلەرنى چىڭ تۇتۇپ تۈزۈشى، چوڭ ـ چوڭ ئىشلارنى قارار قىلىش ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشكە قولاي بولسۇن ئۈچۈن، خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ ھوقۇقىنىڭ دائىرىسىنى ئېنىق ئايرىشى كېرەك.

( 10 ) خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇلارنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ قانۇن بويىچە سايلاش، تەيىنلەش ـ قالدۇرۇش ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشىنى قوللاش. ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار مەركەزنىڭ يەرلىك پارتكوملارنىڭ يەرلىك دۆلەت ئورگانلىرىغا رەھبەرىي كادىرلارنى كۆرسىتىش توغرىسىدىكى بىر قانچە بەلگىلىمىسىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، پارتىيىنىڭ كادىر باشقۇرۇش پرىنسىپى بىلەن خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ كادىرلارنى قانۇن بويىچە ۋەزىپىگە تەيىنلەش ـ قالدۇرۇشىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشى كېرەك. ئومۇمەن خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇلارنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرى سايلايدىغان، ۋەزىپىگە تەيىنلەيدىغان ـ قالدۇرىدىغان كادىرلارنى پارتكوم ئالدى بىلەن خ ق دائىمىي كومىتېتى پارتگۇرۇپپىسىغا ئۇقتۇرۇشى كېرەك. ۋەكىللەر، كومىتېت ئەزالىرى كۆرسەتكەن نامزاتلار ئۈستىدىكى پىكىرنى ئەستايىدىل ئاڭلاپ ئۆتۈشى ياكى كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش ـ قالدۇرۇش تەكلىپىنى قاراپ چىقىپ، ئۆز پىكىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشى كېرەك. يەرلىك تەشكىلىي قانۇن ۋە سايلام قانۇنىغا ئالاقىدار سايلاش، قالدۇرۇش خىزمىتى توغرىسىدىكى بەلگىلىمىلەرنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىشى، خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇلارنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرى سايلىماقچى ياكى ۋەزىپىگە تەيىنلىمەكچى ـ قالدۇرماقچى بولغان كادىرلارنى سايلاش ياكى تەيىنلەش ـ قالدۇرۇشتىن بۇرۇن، ئاشكارا ئېلان قىلماسلىقى كېرەك . كادىرلارنىڭ ۋەزىپە ئۆتىشى ياكى خىزمىتىدىن بوشىتىلىشى قانۇندا بەلگىلەنگەن تەرتىپكە ئۇيغۇن بولۇشى كېرەك.

**4 . خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش لازىم**

( 11 ) ۋەكىللەر قۇرۇلمىسىنى پەيدىنپەي ياخشىلاپ، ۋەكىللەر ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش. خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمىغا بىرلەشتۈرۈپ، ۋەكىللەرنىڭ يېشى، بىلىم قۇرۇلمىسىنى يەنىمۇ ئەلالاشتۇرۇش كېرەك. بۇندىن كېيىن، خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىكىگە نامزات كۆرسەتكەندە، چوقۇم ۋەكىللەرنىڭ سىياسىي، كەسپىي ساپاسىغا ۋە ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىش ئىقتىدارىغا دىققەت قىلىش، ۋەكىللەرنىڭ كەڭ دائىرىلىكلىكى بىلەن ئىلغارلىقلىقىنى بىرلەشتۈرۈش، سىياسىيلىكى كۈچلۈك، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلالايدىغان، ئامما ھىمايە قىلىدىغانلارنى ۋەكىل قىلىپ سايلاش كېرەك. خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ئۆگىنىشنى كۈچەيتىشى، ئۆز ساپاسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈشى، سايلىغۇچى ئورۇنلار ۋە سايلىغۇچى ئامما بىلەن زىچ ئالاقە باغلىشى، ئاممىنىڭ نازارىتىنى ئاڭلىق قوبۇل قىلىشى، ئاممىنىڭ پىكىر، تەلەپلىرىنى ۋاقتىدا ئىنكاس قىلىشى كېرەك. رەھبەرلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتقان ۋەكىللەر ۋەكىللەر پائالىيىتىگە پائال قاتنىشىشى، ۋەكىللىك ۋەزىپىسىنى باشلامچىلىق بىلەن ئادا قىلىشى كېرەك.

( 12 ) ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ قانۇندىكى بەلگىلىمە بويىچە ۋەكىللىك ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش. ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار ۋە ھۆكۈمەت، ئىككى مەھكىمە ۋەكىللەر قانۇنىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇشى، خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ دېموكراتىيە ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىشى، ۋەكىللەر-

نىڭ پىكىرلىرىنى ئەستايىدىل ئاڭلاپ ۋە قوبۇل قىلىپ، خىزمەتلەرنى تىرىشىپ ياخشى ئىشلىشى كېرەك. ۋەكىللەر تۇرۇشلۇق ئورۇنلار ۋەكىللىرىنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى تەشكىللىگەن پائالىيەتلەرگە قاتنىشىشىنى قوللىشى، ھەمدە ۋەكىللەرنىڭ بۇ مەزگىلدە ئىدارىسىدىن بەھرىلىنىدىغان بارلىق تەمىناتقا كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. ۋەكىللەرنىڭ ۋەزىپە ئىجرا قىلىشىغا توسقۇنلۇق قىلغان ياكى ۋەكىللەرنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئەتىگە دەخلى - تەرۇز قىلىنغان ئىشلار قانۇن بويىچە قاتتىق تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىنىشى كېرەك. ھۆكۈمەت، ئىككى مەھكىمە ۋەكىللەر بىلەن ئالاقىلىشىشتىكى كونكرېت تۈزۈملەرنى تۈزۈپ، خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ ۋەكىللىك ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىشىغا پائال شارائىت يارىتىپ بېرىشى كېرەك. ۋەكىللەرنىڭ تەكلىپ ۋە تەۋسىيە، تەنقىد، پىكىرلىرىنى بىجىرىش خىزمىتىگە ئەھمىيەت بېرىشى ۋە ئۇنى كۈچەيتىشى، بىجىرىش، قايتۇرۇش تۈزۈمىنى ئورنىتىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، بىجىرىش سۈپىتى ۋە ئۈنۈمىنى ھەقىقىي ئۆستۈرۈشى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇلارنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرى بىجىرىش ئەھۋالىنى ئىز قوغلاپ نازارەت قىلىشى ۋە تەكشۈرۈشى كېرەك.

**5. خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئۆز قۇرۇلۇشىنى ھەقىقىي كۈچەيتىش لازىم**

(13) خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش. خ ق دائىمىي كومىتېتى مۇھىم مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئالغان بولغاچقا، سىياسىۋىلىكى كۈچلۈك بولۇشنى ئۆز قۇرۇلۇشىدىكى بىرىنچى تەلەپ قىلىش كېرەك. سىياسىي سەزگۈرلۈكنى سىياسىي جەھەتتىن پەرقلەندۈرۈش ئىقتىدارىنى ۋە سىياسىي جەھەتتىن مۇستەھكەم تۇرۇشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، مەسىلىنى سىياسىي جەھەتتىن كۆزىتىشكە، تەھلىل قىلىشقا، بىر تەرەپ قىلىشقا ماھىر بولۇپ، دېموكراتىيە مەركەزلەشتۈرۈش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى قەتئىي تەۋرەنمەي ئىجرا قىلىش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار خ ق دائىمىي كومىتېتى تەركىبىدىكىلەرنىڭ يېشى، بىلىمى ۋە كەسىپ قۇرۇلمىسىنى ئەلالاشتۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك، دائىمىي كومىتېت ئەزالىرى تەركىبىدە مەلۇم ئەمەلىي خىزمەت تەجرىبىسىگە ئىگە پېشقەدەم يولداشلار بولۇشى، ھاياتىي كۈچى ئۇرغۇپ تۇرغان ياش - ئوتتۇرا ياش يولداشلارمۇ مۇۋاپىق نىسبەتنى ئىگىلىشى كېرەك، ئۇنىڭ ئىچىدە ئۈچتىن بىر قىسىم ئەزالار ئۇدا ئىككى نۆۋەت ۋەزىپە ئۆتىيەلەيدىغان بولۇشى، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنىڭ ئىزچىللىقىغا ۋە مۇقىملىقىغا كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. قانۇندىكى بەلگىلىمىلەر ۋە خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنىڭ تەرەققىيات ئېھتىياجىغا ئاساسەن، ھەر دەرىجىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ ئىچكى ئاپپارات قۇرۇلمىسىنى كۈچەيتىپ، تولۇقلاپ، تەڭشەپ، خ ق دائىمىي كومىتېتى ئاپپاراتىنىڭ قېلىپلاشماسلىقى ۋە خادىملار شتاتى بىر قەدەر ئاز بولۇش قاتارلىق قىسمەن گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ، ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇلارنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ خىزمەت ھوقۇقىنى تېخىمۇ ياخشى ئادا قىلىشىغا تەشكىلىي جەھەتتىن كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ ئىچكى ئاپپاراتلىرى ھەققىدە ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتى ئاپتونوم رايونلۇق شتات كومىتېتى بىلەن كېڭىشىپ، يۇقىرى ئۈنۈملۈك بولۇش پرىنسىپى بويىچە ئاپپاراتلارنى بىردەك قېلىپلاشتۇرۇپ، خىزمەتنىڭ نورمال يۈرۈشۈشىگە كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. ناھىيىلىك، شەھەرلىك خ ق دائىمىي كومىتېتلىرى پېنسىيىگە چىققان خادىملارنىڭ سانىغا ئاساسەن، پېشقەدەم كادىرلار خىزمەتچىلىرىنى نىسبەت بويىچە مۇناسىپ ھالدا سەپلەپ بېرىشى كېرەك. ئاز ساندىكى ناھىيىلىك، شەھەرلىك، رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى ئورگىنىنىڭ شتاتى خېلىلا ئاز، ئاپپارات ئىسلاھاتىدا پرىنسىپ جەھەتتىن ئىخچاملانمايدۇ. ئۇمۇمەن، پارتكوم، ھۆكۈمەت ۋە ئۇنىڭ قارىمىقىدىكى تارماقلار ۋە ئىككى مەھكىمىدىن تەڭ دەرىجىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى تەركىبىگە كىرگەنلەرنىڭ مائاش رەسمىيىتى ئۆزگەرمەيدۇ.

(14) يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيى

قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش. ئاپتونوم رايوننىڭ يېزىلىق، مىللىي يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ خىزمەت نىزامىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، قانۇندىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە، يېزىلىق، بازارلىق خ ق ھەيئەت رىياسەتلىرىنىڭ رەئىسلىرىنى، مۇئاۋىن رەئىسلىرىنى ۋە خىزمەتچىلىرىنى ئوبدان سەپلەش كېرەك. پارتكوم شۇجىسى رەئىسلىكنى قوشۇمچە ئۆتەۋاتقان بولسا، مەخسۇس ۋەزىپىدىكى بىر مۇئاۋىن رەئىسنى سەپلەپ بېرىش كېرەك. مەخسۇس ۋەزىپىدىكى رەئىس يېزىلىق، بازارلىق پارتكومنىڭ رەھبەرلىك كوللېكتىپىغا كىرگۈزۈلۈشى، تەڭ دەرىجىلىك پارتكومنىڭ ئەزاسى بولمىغان مەخسۇس ۋەزىپىدىكى رەئىس پارتكوم يىغىنىغا سىرتتىن قاتناشتۇرۇلۇشى كېرەك. يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتايلىرىدا ئاز دېگەندە بىر نەپەر مەخسۇس ۋەزىپىدىكى خىزمەتچى بولۇشى كېرەك. شەھەر كوچىلىرىدىمۇ خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار بولۇشى كېرەك.

( 15- ) خەلق قۇرۇلتىيى ئورگىنىنىڭ كادىرلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش. ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار، ئىدىيە، سىياسىي، تەشكىلىي جەھەتتە خەلق قۇرۇلتىيى ئورگىنى كادىرلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىغا ئەھمىيەت بېرىشى ۋە كۆڭۈل بۆلۈشى، خەلق قۇرۇلتىيى ئورگىنى كادىرلىرىنى سەپلەش، يېتىشتۈرۈش، تاللاپ ئۆستۈرۈش ۋە ئىشلىتىشنى پارتكومنىڭ كادىرلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنىڭ ئومۇمىي پىلانىغا كىرگۈزۈشى، بىر تۇتاش ئويلىشىپ، سىياسىي جەھەتتە كۈچلۈك، مەلۇم كەسپىي سەۋىيىگە ئىگە بىر تۈركۈم كادىرلارنى خەلق قۇرۇلتىيى ئورگىنىغا تاللاپ كىرگۈزۈپ، خەلق قۇرۇلتىيى ئورگىنى كادىرلىرىنى ئىچكى - تاشقى جەھەتتە ئالماشتۇرۇشقا پىلانلىق ھالدا پائال تۈرتكە بولۇشى كېرەك. خەلق قۇرۇلتىيى ئورگىنى خىزمىتىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، شەرتكە ئۇيغۇن كېلىدىغان خەلق قۇرۇلتىيى ئورگىنى كادىرلىرىنى يۈرەكلىك ئۆستۈرۈپ ئىشلىتىش كېرەك. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمى خەلق قۇرۇلتىيى كادىرلىرىنى تەربىيىلەشنى ئاپتونوم رايوننىڭ پۈتكۈل كادىر تەربىيىلەش پىلانىغا كىرگۈزۈشى كېرەك.

( 16 ) خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىدىكى ئەمەلىي قىيىنچىلىقلارنى ئەستايىدىل ھەل قىلىش. ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىدىكى ئەمەلىي قىيىنچىلىقلارغا ئەھمىيەت بېرىشى ۋە كۆڭۈل بۆلۈشى، ئىجتىمائىي مۇھىت، جامائەت پىكرى كەيپىياتى، ماددىي شارائىت، خىزمەت، تۇرمۇشتىن بەھرىلىنىش قاتارلىق تەرەپلەردىن خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەھەتتە يەنىمۇ ياخشى ۋەزىيەت يارىتىشى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىگە زۆرۈر بولغان خىراجەتلەرگە كاپالەتلىك قىلىشى ھەمدە خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنى، دائىمىي كومىتېت يىغىنىنىڭ يىغىن خىراجىتى، تىزىم چىقىرىش خىراجىتى، ۋەكىللەر پائالىيىتى خىراجىتى ۋە دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەرنىڭ كۆزدىن كەچۈرۈش - تەكشۈرۈش پائالىيىتى خىراجىتى، قانۇنچىلىق كۇرسى خىراجىتى ۋە كۈتۈۋېلىش خىراجىتى قاتارلىقلارنى شۇ دەرىجىلىك مالىيە خام چوتىغا كىرگۈزۈپ، خىراجەتنىڭ تولۇق ئەمەلىيلىشىشىگە كاپالەتلىك قىلىش شەرتى ئاستىدا، مالىيە كىرىمىنىڭ يىلمۇ يىل ئېشىشىغا ئەگىشىپ، كۆپەيتىپ بېرىشى كېرەك. ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ ئۇل ئەسلىھە شارائىتى ۋە ئىشخانا شارائىتىنى ياخشىلىشىغا ھەر يىلى ئىككى مىليون يۈەن مەبلەغ ئاجرىتىدۇ. ھەر دەرىجىلىك مالىيەلەرمۇ ئۆز ئەھۋالىغا ئاساسەن خەلق قۇرۇلتىيى ئورگىنىنىڭ ئىشخانا ئۆيلىرى، ماشىنا، ئىشخانىلارنى ئاپتوماتىكلاشتۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردىكى خىزمەت شارائىتىنى ياخشىلىشىغا خىراجەت ئاجرىتىپ ياردەم بېرىشى كېرەك. خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن، ھەر دەرىجىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتلىرىدىكى دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان رەھبىرىي كادىرلار زىيادە مەركەزلىشىپ قېلىش كەلتۈرۈپ چىقارغان خىراجەت، ماشىنا قىيىنچىلىقى ۋە مۇلازىمەتچى خادىملارنىڭ شتاتى يېتەرلىك بولماسلىقتەك مەسىلىلەرنى ئەستايىدىل مۇھاكىمە قىلىپ، مۇۋاپىق ھەل قىلىپ، ئۇلارنى غەم - ئەندىشىدىن ھەقىقىي خالىي قىلىشى كېرەك.

# «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈپ، يېڭى ئەسىردە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىدە تىرىشىپ يېڭى ۋەزىيەت يارىتايلى

—ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆز

( 2002 - يىل 1 - ئاينىڭ 13 - كۈنى )

ۋاڭ لېچۈەن



بۇ قېتىمقى خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى يىغىنى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم يېڭى ئەسىرگە قەدەم قويغاندىن كېيىن چاقىرغان مۇھىم يىغىن. يىغىننىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ۋە پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى يېتەكچى قىلىپ، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى مەخسۇس مۇھاكىمە قىلىپ، يېڭى ۋەزىيەتتىكى خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى ۋە ئاساسلىق ۋەزىپىلىرىنى يەنىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇپ، پارتىيىنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكىنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ ۋە ياخشىلاپ، ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ فۇنكسىيىلىك رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى يېڭى سەۋىيىگە يۈكسەلدۈرۈشتىن ئىبارەت. بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ چاقىرىلىشى « ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش » مۇھىم ئىدىيىسىنى ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش، پارتىيە 15 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 6 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، ئاپتونوم رايوننى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشتا چىڭ تۇرۇش، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ۋە ئۇنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە

ئىگە.

ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتى بىلەن
ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك خ ق دائىمىي كو-
مىتېتلىرى قۇرۇلغاندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق
پارتكوم ۋە ھەر دەرىجىلىك پارتكوملارنىڭ رەھبەرلى-
كىدە، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلى-
رىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، پارتىيىنىڭ
مەركىزىي خىزمىتى ۋە ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇ-
قىملىق ئومۇمىيلىقىنى زىچ چۆرىدەپ، ئاساسىي قانۇن
ۋە قانۇنلار ئاتا قىلغان ھوقۇقنى ئەستايىدىل يۈرگۈ-
زۈپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىرادىسىگە سادىقلىق
بىلەن ۋەكىللىك قىلىپ، دادىل ئىزدىنىپ، ئىرى-
شىپ ئىلگىرىلەپ، نۇرغۇن ئاجايىپ ئۈنۈملۈك خىز-
مەتلەرنى ئىشلەپ، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنى
جارى قىلدۇرۇش، سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىقىنى
مۇكەممەللەشتۈرۈش، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە زا-
مانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش،
شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش، مىللەتلەر ئىت-
تىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، ئىجتىمائىي تەرەققىياتقا
تۈرتكە بولۇش جەھەتلەردە مۇھىم تۆھپىلەرنى
قوشتى. بولۇپمۇ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاپتونوم
رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومى-
تېتى «دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش» ئا-
ساسىي ئىستراتېگىيىسىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاش-
تۇرۇپ، قانۇن چىقىرىش خىزمىتىنى ئاپتونوم رايو-
نىمىزنىڭ ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىقىغا دا-
ئىر چوڭ ـ چوڭ تەدبىرلەرنى بەلگىلەش بىلەن بىر-
لەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىسلاھات، ئې-
چىۋېتىش، ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي
مۇقىملىق ئومۇمىيلىقى خىزمىتىگە چېتىلىدىغان
بىر يۈرۈش يەرلىك نىزاملارنى تۈزۈپ چىقىپ، ئاپتو-
نوم رايوننى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش خىزمىتىنى
ئىرىشىپ ئىلگىرى سۈرۈپ، روشەن ئۈنۈم ھاسىل
قىلدى؛ خەلق ئاممىسى ئومۇميۈزلۈك كۆڭۈل بۆلىدى-
غان قىزىق نۇقتا، قىيىن نۇقتا مەسىلىلىرىنى چۆ-
رىدەپ، قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈش، كۆزدىن كە-
چۈرۈش ۋە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش پائالىيەتلىرىنى
ئېلىپ بېرىپ، قانۇن نازارەتچىلىكى ۋە خىزمەت نا-
زارەتچىلىكىنى كۆپ خىل شەكىللەر بىلەن قانات يا-
يدۇرۇپ، مەمۇرىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈش،
قانۇننى ئادىل ئىجرا قىلىش جەھەتتە نۇرغۇن خىز-
مەتلەرنى ئىشلىدى؛ ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىپ،
ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتا
دۆلەت ئىگىلىكى، خەلق تۇرمۇشىدىكى ئومۇمىي-
لىققا، تۈپ خاراكتېرگە ۋە ئۇزاق مۇددەتلىككە ئىگە
مەسىلىلەرنى تۇتۇپ، چوڭ ـ چوڭ ئىشلارنى قاراپ
چىقىپ قارار قىلىش ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈپ، تەدبىر
بەلگىلەشنىڭ دېموكراتىيىلىشىشى، ئىلمىيلىشى-
شىنى ئىلگىرى سۈردى؛ ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇ-
رۇلتىيى ۋەكىللىرى مەسئۇلىيىتىنى ئەستايىدىل ئادا
قىلىپ، ئۆز ئۈستۈنلۈكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ،
خەلق ئاممىسى بىلەن قويۇق ئالاقە باغلاپ، باش چۆ-
كۈرۈپ ئىشلەپ، ئىرىشىپ ئىلگىرىلەپ، ئاپتونوم
رايونىمىزنىڭ ئىككى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى ئىل-
گىرى سۈرۈش ئۈچۈن تېگىشلىك تۆھپە قوشتى. بۇ
يەردە مەن ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومغا ۋاكالىتەن ئاپ-
تونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك خ ق دائىمىي كو-
مىتېتلىرىدىكى يولداشلارغا، ھەر دەرىجىلىك خەلق
قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىگە، خەلق قۇرۇلتىيى قۇرۇلۇ-
شى ئۈچۈن تۆھپە قوشقان پېشقەدەم يولداشلارغا، خەلق
قۇرۇلتىيى خىزمىتىگە كۆڭۈل بۆلگەن، ئۇنى قول-
لىغان جەمئىيەتتىكى ھەر ساھە زاتلارغا چىن كۆڭ-
لۈمدىن رەھمەت ئېيتىمەن ۋە ئالىي ئېھتىرام بىلدۈ-
رىمەن!

نۆۋەتتە، بىز يېڭى ئەسىردىكى ئىسلاھات، ئې-
چىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئومۇم-
يۈزلۈك ئىلگىرى سۈرۈشتە ئالدىنقىلارغا ۋارىسلىق
قىلىپ، كېيىنكىلەرگە يول ئاچىدىغان مۇھىم تارى-
خىي مەزگىلدە تۇرماقتىمىز. دۇنيا سىياسىيسىنىڭ
كۆپ قۇتۇپلىشىشى، ئىقتىسادنىڭ يەر شارىلىشىش
يۈزلىنىشىنىڭ داۋاملىق تەرەققىي قىلىشى، پەن ـ
تېخنىكىنىڭ ئۇچقاندەك يۈكسىلىشى، خەلقئارا
رىقابەتنىڭ كۈنسايىن كەسكىنلىشىشى، بولۇپمۇ
«11 ـ سېنتەبىر» ۋەقەسىنىڭ يۈز بېرىشى ۋە ئا-
مېرىكىنىڭ ئافغانىستانغا ھەربىي زەربە بېرىشىگە
ئەگىشىپ، خەلقئارا ۋەزىيەت تېخىمۇ مۇرەككەپلەشتى؛

ئېلىمىزنىڭ WTO غا كىرىشى ھەم بىزگە پايدىلىق تەرەققىيات پۇرسىتى ئېلىپ كەلدى، ھەم يېڭى خىرىس ئېلىپ كەلدى. بۇنداق كەسكىن سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋەزىيەتتە زىممىمىزدىكى ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىق ۋەزىپىسى تېخىمۇ مۇشكۇللەشتى. 10 ـ بەش يىللىق پىلان ۋە 3 ـ قەدەملىك ئىستراتېگىيىلىك نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئۇزاق مۇددەت مۇقىم بولۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈپ، پارتىيىنىڭ رەھبەرلىك سەۋىيىسى ۋە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ، پارتىيە رەھبەرلىكىدىكى خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىدە يەنىمۇ چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، يېڭى ئەسىردە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىدە تىرىشىپ يېڭى ۋەزىيەت يارىتىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ كۆڭلىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، ھەممە بىر نىيەتتە بولۇپ، يول ئېچىپ ئىلگىرىلىشىمىز كېرەك.

تۆۋەندە مەن ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومغا ۋاكالىتەن بىر نەچچە پىكرىمنى سۆزلەپ ئۆتىمەن.

**1. يېڭى ۋەزىيەتتە خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى كۈچەيتىشنىڭ مۇھىملىقىغا بولغان تونۇشنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈش كېرەك**

خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى پارتىيە ئىشلىرىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. پارتىيىمىز خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ ئېلىپ بارغان ئۇزاق مۇددەتلىك ئىنقىلابىي ئەمەلىيەت داۋامىدا، ماركسىزملىق دۆلەت تەلىماتىنى جۇڭگونىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك يولغا قويۇپ، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئىرادىسى ۋە مەنپەئىتىنىڭ دۆلەتنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا تولۇق گەۋدىلىنىشىگە كاپالەتلىك قىلدى. بۇ پارتىيىمىزنىڭ ئۇزاق مۇددەت خەلق ھاكىمىيىتى قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىش داۋامىدىكى تەجرىبىلىرىنىڭ جەۋھىرى، دۆلەتنىڭ تۈزۈم قۇرۇلۇشىدا يۈز مىليونلىغان خەلق ئاممىسىنىڭ مەنپەئىتى، ئىرادىسى ۋە ئەقىل ـ پاراستىنى مەركەزلەشتۈرۈش ۋە گەۋدىلەندۈرۈشتىكى ئۇلۇغ ئىجادىيەت، خەلقىمىزنىڭ تاللىشى، تارىخىي مۇقەررەرلىك. يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيانقى ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى دۆلىتىمىزنىڭ ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان تۈپ سىياسىي تۈزۈم، پارتىيىمىزنىڭ خەلقنىڭ خوجايىن بولۇشىغا رەھبەرلىك قىلىشىدىكى ئەڭ ياخشى ھاكىمىيەت تەشكىلىي شەكلى بولۇپ، چەكسىز ئەۋزەللىككە ۋە قۇدرەتلىك ھاياتىي كۈچكە ئىگە. ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى، دۆلەت ئورگانلىرى، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار ۋە كەڭ خەلق ئاممىسى خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ خاراكتېرى، ئورنى ۋە رولىغا بولغان تونۇشنى ئۆستۈرۈپ، ئىسلاھات ۋە قۇرۇلۇش ئەمەلىيىتى داۋامىدا خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىدە تېخىمۇ ئاڭلىق ھالدا چىڭ تۇرۇشى ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈشى كېرەك.

خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش خەلقنىڭ خوجايىن بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، پارتىيىنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئورنىنى مۇستەھكەملەش، سوتسىيالىستىك تۈزۈمدە چىڭ تۇرۇشنىڭ ماھىيەتلىك تەلىپى. ئاساسىي قانۇندا دۆلەتنىڭ بارلىق ھاكىمىيىتىنىڭ خەلققە مەنسۇپ ئىكەنلىكى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ خەلقنىڭ دۆلەت ھاكىمىيىتىنى يۈرگۈزىدىغان ئورگانلىرى ئىكەنلىكى ئېنىق بەلگىلەنگەن. ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرۇۋاتقان جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئېلىمىز سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ رەھبىرىي يادروسى. خەلق سايلام ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ۋەكىللىرىنى سايلاپ، ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنى تەشكىللەپ، دۆلەت ھاكىمىيىتىنى يۈرگۈزىدۇ، پارتىيە دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگانلىرىغا رەھبەرلىك قىلىش ئارقىلىق، ھاكىمىيەت يۈرگۈزىدۇ، پارتىيە رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش ۋە خەلقنىڭ خوجايىن بولۇشىنى قوللاش ئېلىمىز خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنىڭ تۈپ ئالاھىدىلىكى. نۆۋەتتىكى خەلقئارا ۋەزىيەت كۈنسېرى مۇرەككەپلىشىۋاتقان،

سىياسىيىنىڭ كۆپ قۇتۇپلىشىشى ئەگرى - توقاي تەرەققىي قىلىۋاتقان ئەھۋالدا، غەرب دۈشمەن كۈچلىرى بىزنى ھالاك قىلىش نىيىتىدىن يانغىنى يوق، ئۇلار دۆلىتىمىزنى غەربلەشتۈرۈش، پارچىلاش سىياسىي سۇيىقەستىنى تېزلىتىپ، ئۆزلىرىنىڭ «دېموكراتىيە»، «ئەركىنلىك»، «كىشىلىك ھوقۇق»نى تۈرلۈك ئاماللار بىلەن تەشۋىق قىلىپ، «كۆپ پارتىيە تۈزۈمى»، «ئۈچ ھوقۇق ئايرىلىپ تۇرۇش» ۋە «غەرب پارلامېنتى يولى»نى كۈچىنىڭ بارىچە تەرغىب قىلىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ مەقسىتى غەرب بۇرژۇئا دېموكراتىيىسىنى سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىپ، كومپارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىنى ئىنكار قىلىپ، خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتورىلىقىدىكى سوتسىيالىزم ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، دۆلىتىمىزنىڭ تۈپ سىياسىي تۈزۈمىنى ئۆزگەرتىۋېتىشكە ئۇرۇنۇش. بىز بۇنىڭغا قارىتا ناھايىتى سەگەك تونۇشتا بولۇشىمىز كېرەك. يولداش جياڭ زېمىن مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: دۆلىتىمىزدە يولغا قويۇلغان خەلق دېموكراتىيىسى - دىكتاتورىسىدىن ئىبارەت دۆلەت تۈزۈلمىسى ۋە خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىدىن ئىبارەت سىياسىي تۈزۈلمە—خەلقىمىزنىڭ كۆرەش قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسى ۋە تارىخىي تاللاش، بۇنداق تۈپ سىياسىي تۈزۈمدە قەتئىي چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك، غەربنىڭ سىياسىي تۈزۈم ئەندىزىسىنى ئۆز پېتىچە كۆچۈرۈپ كېلىشكە بولمايدۇ، بۇ پارتىيە رەھبەرلىكى ۋە سوتسىيالىستىك تۈزۈمدە چىڭ تۇرۇپ، خەلق دېموكراتىيىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە. دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش ئىستراتېگىيىسىنىڭ چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇلۇشىغا ئەگىشىپ، پارتىيىنىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرى قانۇن - تۈزۈم ئۇسۇلى ۋە دۆلەت شەكلى ئارقىلىق تېخىمۇ كۆپلەپ ئىشقا ئاشۇرۇلىدۇ، پارتىيىنىڭ «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى گەۋدىلەندۈرۈش تەشەببۇسىنى دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگانلىرى قانۇنىي تەرتىپلەر ئارقىلىق بارغانسېرى كۆپلەپ دۆلەتنىڭ ئىرادىسىگە ئايلاندۇرۇپ، تۈرلۈك خىزمەتلەردە ئەمەلىيلەشتۈرىدۇ. ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار ئومۇمىي ۋەزىيەتنى ئىگىلەش، ھەر قايسى تەرەپلەرنى ماسلاشتۇرۇشتىكى رەھبىرىي يادرولۇق رولىنى جارى قىلدۇرۇشتا ماھىر بولۇپ، دۆلەتنىڭ ھاكىمىيەت ئورگانلىرى ئارقىلىق پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنىڭ ئىزچىللاشتۇرۇلۇشى، يولغا قويۇلۇشىغا تۈزۈم، قانۇن جەھەتتىن كاپالەتلىك قىلىشى، شۇ ئارقىلىق پارتىيە رەھبەرلىكىنى تېخىمۇ ياخشى ئىشقا ئاشۇرۇپ، پارتىيىنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشى، پارتىيىنىڭ ھاكىمىيەت بېشىدىكى ئورنىنى مۇستەھكەملىشى كېرەك.

خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش—سوتسىيالىستىك دېموكراتىك سىياسىي بەرپا قىلىش، ئاپتونوم رايوننى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ تۈپ يولى ۋە مۇقەررەر تەلىپى. يولداش جياڭ زېمىن: «جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك سىياسىي بەرپا قىلىش دېگەنلىك پارتىيە رەھبەرلىكىدە، خەلق خوجايىن بولۇش ئاساسىدا دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىپ، سوتسىيالىستىك دېموكراتىك سىياسىينى تەرەققىي قىلدۇرۇش دېگەنلىك» دەپ كۆرسەتتى. سوتسىيالىستىك دېموكراتىك سىياسىي بەرپا قىلىشتا خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ئەڭ مۇھىم. بۇ تۈزۈم خەلق دېموكراتىيىسىنى ۋە دۆلەت ھاكىمىيىتىنىڭ دېموكراتىك خاراكتېرىنى تولۇق گەۋدىلەندۈرگەن، خەلقنىڭ خوجايىن بولۇش، دۆلەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشىنى سىياسىي، تەشكىلىي جەھەتتىن كاپالەتلەندۈرگەن بولۇپ، ھەم پارتىيىنىڭ بىرلىككە كەلگەن رەھبەرلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا پايدىلىق، ھەم خەلق ئاممىسىنىڭ ئاكتىپلىقىنى ئىشقا سېلىشقا پايدىلىق. دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ پارتىيە رەھبەرلىكىدە، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، تۈرلۈك شەكىللەر ۋە يوللار ئارقىلىق دۆلەتنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرۇپ، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنىڭ تۈزۈملىشىشى، قانۇنلىشىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى كۆرسىتىدۇ. خەلق قۇرۇلتىيى ۋە

ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتى دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگىنى بولۇش سۈپىتى بىلەن دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنى يولغا قويۇپ، قانۇن ئىدارە قىلىنىدىغان سوتسىيالىستىك دۆلەت قۇرۇش داۋامىدا باشقىلار ئورنىنى ئالمايدىغان رولنى ئوينايدۇ. خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتى قانۇن چىقىرىش ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈش ئارقىلىق دۆلەتنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىدە ئاساسلىنىدىغان قانۇن بولۇشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ؛ ھۆكۈمەت، ئىككى مەھكىمىنى نازارەت قىلىش ھوقۇقى ۋە باشقا نازارەتچىلىك ھوقۇقلىرىنى يۈرگۈزۈش ئارقىلىق، مەمۇرىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈش ۋە قانۇننى ئادىل يۈرگۈزۈشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئاساسلىنىدىغان قانۇن بولۇش، قانۇننى قاتتىق ئىجرا قىلىش، قانۇنغا خىلاپلىق قىلغانلارنى قەتئىي سۈرۈشتۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇش مەقسىتىگە يېتىدۇ؛ چوڭ - چوڭ ئىشلارنى مۇزاكىرە قىلىپ قارار قىلىش ئارقىلىق، چوڭ - چوڭ تەدبىرلەرنىڭ دېموكراتىيىلىشىش، ئىلمىيلىشىش، قانۇن - تۈزۈملىشىش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرىدۇ؛ دۆلەت ئورگىنى خادىملىرىنى قانۇن بويىچە سايلاش ۋە ۋەزىپىگە تەيىنلەش، ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ چاكارلىق ئېڭى ۋە قانۇنچىلىق نۇقتىئىنەزىرىنى ئاشۇرۇپ، دۆلەت ئورگىنىنىڭ نورمال ئايلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ. دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇپ، ئاپتونوم رايوننى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنى ئىلگىرى سۈرۈشتە خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇلارنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش شەرت.

خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش — سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ تەرەققىيات نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ مۇھىم كاپالىتى.

يولداش جياڭ زېمىن «بىر قەدەر پىشىپ يېتىلگەن بىر بازار ئىگىلىكى مۇقەررەر يوسۇندا مۇكەممەل بولغان، بازار ئىگىلىكىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان قانۇن - تۈزۈمنىڭ بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇنداق قانۇن - تۈزۈمگە ئىگە بولۇشتا خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ئەڭ مۇھىم» دەپ كۆرسەتتى. ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئېچىۋېتىش دائىرىسىنى كېڭەيتىش، تەرەققىياتنى تېزلىتىش، مۇقىملىقنى قوغداش، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى ئورنىتىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش ياخشى قانۇنچىلىق شارائىتى بولۇشىنى جىددىي تەلەپ قىلىدۇ. بولۇپمۇ ئېلىمىز WTO غا كىرگەندىن كېيىن، قانۇنچىلىق شارائىتىغا نىسبەتەن تېخىمۇ يۇقىرى تەلەپلەر قويۇلدى. خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتى — دېموكراتىيە - قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان مۇھىم ئورگان، بۇ ئورگان قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ياخشى قانۇنچىلىق مۇھىتى يارىتىشتا مۇھىم مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئالغان. مەركەز ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ چوڭ - چوڭ تەدبىرلىرى ۋە خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇشلىرى خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنى مەركەزلەشتۈرۈشى؛ قانۇني تەرتىپلەر ئارقىلىق پارتىيىنىڭ تەشەببۇسى ۋە خەلقنىڭ ئارزۇسىنى دۆلەتنىڭ ئىرادىسىگە ئايلاندۇرۇشى ئارقىلىق ئىزچىللاشتۇرۇلىدۇ. ئىسلاھات ۋە تەرەققىيات چوڭ پىلانلىرىنى مۇھاكىمە قىلىپ، خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئۇدا، تېز، ساغلام تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئىجتىمائىي، سىياسىي مۇقىملىقنى قوغداشتا خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ قانۇن چىقىرىش، قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈش ۋە تۈرلۈك نازارەتچىلىك ئارقىلىق كاپالەتلىك قىلىشىغا تايىنىلىدۇ؛ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئۇلۇغۋار نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىپ، ۋەكىللەرنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتكە ھەمكارلى-

شىپ ، خەلق قەلبىنى ئۇيۇشتۇرۇپ ، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغىشقا توغرا كېلىدۇ.

دېموكراتىيە ـ قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنىڭ ئىلگىرى سۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ئورنى، رولى بارغانسېرى مۇھىم بولماقتا. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ئۆز ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈشىنى قوللاپ، ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ فۇنكسىيىلىك رولىنى ئۈنۈملۈك جارى قىلدۇرۇپ، سوتسىيالىستىك دېموكراتىك سىياسىينى تەرەققىي قىلدۇرۇش، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇش، ئاپتونوم رايوننى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش ئىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش يولىدا نۇرغۇنلىغان خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. لېكىن، شۇنىمۇ كۆرۈشىمىز كېرەككى، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىگە يېتەرلىك ئەھمىيەت بەرمەسلىك، رەھبەرلىك كۈچلۈك بولماسلىق ئەھۋاللىرى بەزى جايلاردا ئوخشاشمىغان دەرىجىدە ساقلاندى، خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىگە بولغان تونۇشنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ـ قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى ۋەزىپىسى يەنىلا ئىنتايىن مۇشكۇل. ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار ۋە ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك سىياسىي بەرپا قىلىش ۋە ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىق ئومۇمىيلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئىستراتېگىيىلىك يۈكسەكلىكتە تۇرۇپ، يېڭى ۋەزىيەتتە خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى كۈچەيتىشنىڭ مۇھىملىقىنى تولۇق تونۇپ، خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ئاڭلىقلىقىنى ئۆستۈرۈپ، سىياسىي مەسئۇلىيەتچانلىقى ۋە تارىخىي بۇرچ تۇيغۇسىنى ئاشۇرۇپ، بىر قولدا ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى، يەنە بىر قولدا دېموكراتىيە ـ قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى تۇتۇپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈش يولىدا بوشاشماي تىرىشىشى لازىم.

**2. مەركەزنى چۆرىدەپ، ئومۇمىيلىق ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ، ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىقتىكى فۇنكسىيىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش كېرەك**

يېڭى ۋەزىيەت ۋە يېڭى ۋەزىپىلەر ئالدىدا قانداق قىلىپ ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ فۇنكسىيىلىك رولىنى تېخىمۇ ئوبدان جارى قىلدۇرۇش، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىققا دائىر تۈرلۈك خىزمەتلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈش — پۈتۈن ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ ئالدىغا قويۇلغان مۇھىم تېما، شۇنداقلا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ناھايىتى كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان، يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىۋاتقان چوڭ مەسىلە. ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ئۆز مەجبۇرىيىتىنى يەنىمۇ ئېنىق تونۇپ، ئاپتونوم رايوننىڭ مەركىزىي خىزمەتلىرىنى زىچ چۆرىدەپ، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەش ۋە يول ئېچىپ يېڭىلىق يارىتىش روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، مەسئۇلىيىتىنى ئەستايىدىل ئادا قىلىپ، شىنجاڭنىڭ ئۇزاققىچە تەرەققىي قىلىشى ۋە مۇقىم بولۇشى ئۈچۈن يېڭى تۆھپىلەرنى قوشۇشى كېرەك.

(1) شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى تېزلىتىشنى قانۇنىي كاپالەت بىلەن تەمىن ئېتىش كېرەك

ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش پارتىيىنىڭ مەركىزىي خىزمىتى شۇنداقلا ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ مەركىزىي قارالمىسى. بۇ يىل مەملىكىتىمىز WTO غا كىرگەن تۇنجى يىل بولۇپ، يېڭى ئىچكى ـ تاشقى ئىقتىسادىي ۋەزىيەتكە دۇچ كېلىدۇ. « 11 ـ سېنتەبىر » ۋەقەسىنىڭ يۈز بېرىشى ۋە ئامېرىكىنىڭ ئافغانىستانغا ھەربىي زەربە بېرىشى داۋالغۇپ تۇرغان مۇرەككەپ، ئۆزگىرىشچان خەلقئارا ۋەزىيەتكە يېڭى مۇقىمسىزلىق ئامىللىرىنى قوشتى. يەر شارى ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدىن قارىغاندا، دۇنيا ئىقتىسادىي مۇھىتىدا بىر قەدەر چوڭ ئۆزگىرىش بولىدۇ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ سۈرئىتى ئاستىلايدۇ. ئامېرىكا، ياپونىيە، ياۋروپادىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ ئىق-

تىسادىي گەۋدە بىرلا ۋاقىتتا تۆۋەن دولقۇن ھالىتىگە كىرىدۇ، دۇنيا ئىقتىسادى ۋە سودىسىدا ئون يىلدىن بۇيان ئەڭ ئاستا ئېشىش ۋەزىيىتى كۆرۈلىدۇ. «11 ـ سېنتەبىر» ۋەقەسىدىن كېيىن، دۇنيادىكى چوڭ پاي چېكى، پېرېۋوت بازارلىرىدا زور داۋالغۇش بولدى، نېفىت قاتارلىق ئىستراتېگىيىلىك ماددىي ئەشيالارنىڭ باھاسىدا زور داۋالغۇش بولدى. دۇنيا سودا مىقدارىنىڭ ئېشىشى كۆرۈنەرلىك تۆۋەنلەپ كەتتى، خەلقئارا بىۋاسىتە سېلىنما كۆرۈنەرلىك تۆۋەنلىدى، پۇل مۇئامىلە بازىرىدا يېڭى داۋالغۇش كۆرۈلۈشى مۇمكىن. بۇ ۋەقەنىڭ ئامېرىكا ۋە دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ كەلگۈسىدە كۆرسىتىدىغان تەسىرى ۋەقەنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئۆزگىرىدۇ. بۇ يىل ئېلىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ئاسىيا پۇل مۇئامىلە كرىزىسىدىنمۇ ئېغىر خەلقئارا ۋەزىيەتكە دۇچ كېلىدۇ. دۆلەت ئىچىدىن قارىغاندا، ئېلىمىز WTO غا كىرگەندىن كېيىن دۇچ كېلىدىغان خەلقئارا رىقابەت تېخىمۇ كەسكىن بولىدۇ. بولۇپمۇ ئىچكى بازارنىڭ تېخىمۇ ئېچىۋېتىلىشىگە ئەگىشىپ، رىقابەت ئىقتىدارى كۈچلۈك بولمىغان ساھە ۋە مەھسۇلاتلار بىر قەدەر چوڭ زەربىگە ئۇچرايدۇ، بەزى كارخانىلار ھەتتا ۋەيران بولۇپ تاقىلىدۇ، جەمئىيەتنىڭ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش بېسىمى تېخىمۇ چوڭ بولىدۇ. يەر شارى ئىقتىسادىنىڭ ئېشىش سۈرئىتىنىڭ ئاستىلىشى، خەلقئارا بازارنىڭ داۋاملىق پەسكويغا چۈشۈشى، ئىچكى ـ تاشقى سودا ئېكسپورتىنىڭ ئازىيىشى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ كېلەر يىللىق ئىقتىسادىي خىزمىتىگە مۇقەررەر تەسىر كۆرسىتىدۇ. لېكىن، بىزمۇ نۇرغۇن پايدىلىق شارائىتلارغا ئىگىمىز، بولۇپمۇ غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنىڭ روشەن سىياسەت ئۈنۈمى كۆرۈلۈشكە باشلىدى. 9 ـ بەش يىللىق پىلان ئەمەلىيىتى ئارقىلىق، مۇرەككەپ ۋەزىيەتتە ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئومۇمىيلىقىنى ئىگىلەش تەجرىبىمىز بېيىدى؛ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىز ئىقتىسادىدا كۆرۈلگەن بىر قەدەر ياخشى تەرەققىيات ۋەزىيىتى بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلىشىمىزگە مۇھىم ئاساسلارنى سېلىپ بەردى.

WTO غا كىرگەندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونىمىز ئىقتىسادى تېخىمۇ كەسكىن بازار رىقابىتىگە دۇچ كېلىدۇ، لېكىن بۇنداق رىقابەت ئەمدىلا باشلانغان ئەمەس، بىزنىڭ كۆپ ئىشلەپچىقىرىلىدىغان مەھسۇلاتلىرىمىز، مەسىلەن، پاختا، نېفىت قاتارلىقلار ئاللىبۇرۇن خەلقئارا بازار رىقابىتىگە قاتنىشىپ، خەلقئارا بازار بىلەن جىپسىلاشتۇرۇلدى ھەمدە ئىنتايىن كەسكىن رىقابەتتە سىناقتا بەرداشلىق بەردى. پۈتۈن مەملىكەتنىڭ تاشقى سودا ئېكسپورتى ئازىيىۋاتقان ئەھۋالدا، شىنجاڭنىڭ ئىشىكنى غەربكە ئېچىۋېتىش، ئوتتۇرا ئاسىيا بازارلىرىنى ئېچىۋېتىش ئۈستۈنلۈكى ئاجىزلاشمىدى. ئوتتۇرا ئاسىيا، شەرقىي ياۋروپا ئىقتىسادى ئەڭ قىيىن مەزگىلدىن ئۆتۈپ كەتتى، ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ئەسلىگە كېلىش خاراكتېرىدىكى ئېشىش مەزگىلىگە كىردى، بىزنىڭ بۇ دۆلەتلەر بىلەن بولغان ئىقتىسادىي ھەمكارلىق ئىستىقبالىمىز يەنىلا پارلاق. قىسقىسى، بىز دۇچ كەلگەن پۇرسەت خىرىستىن كۆپ، خىزمەتلىرىمىز يېتىشىپ ماڭسىلا، پاسسىپ ئەھۋالدىن قۇتۇلۇپ، يېڭى تەرەققىيات ماكانىغا ئېرىشەلەيمىز. ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى دۆلىتىمىزنىڭ يەرلىك ھاكىمىيەت ئورگىنىلىق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئىلغار ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ۋە ئىلغار مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ ۋە ئۇنى ئىلگىرى سۈرۈپ، قانۇن چىقىرىش، نازارەت قىلىش، چوڭ ـ چوڭ ئىشلارنى قاراپ چىقىپ قارار قىلىش فۇنكسىيىلىرىنى ئادا قىلىش ئارقىلىق، پارتكومنىڭ مۇددىئاسى ۋە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىرادىسىنى ئەتراپلىق، توغرا گەۋدىلەندۈرۈپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى قانۇنچىلىق كاپالىتى بىلەن تەمىنلىشى كېرەك.

ئىسلاھات، تەرەققىيات يېڭى ۋەزىيىتى، يېڭى ۋەزىپىلەرگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان ھازىرقى يەرلىك نىزام ۋە قائىدىلەرنى ئېنىقلاشنى تېزلىتىش كېرەك. دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيان، بولۇپمۇ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەندىن بۇيان،

قانۇن چىقىرىش ھوقۇق دائىرىسى بويىچە، ئاپتونوم رايون بىر قاتار يەرلىك نىزام، يەككە نىزام ۋە مەمۇرىي قائىدە ـ نىزاملارنى تۈزۈپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينىدى. لېكىن ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلىشىشى ۋە سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنىڭ تەدرىجىي ئورنىتىلىشىغا ئەگىشىپ، بولۇپمۇ نۆۋەتتە دۆچ كېلىۋاتقان WTO غا كىرىش ۋە غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇش يېڭى ۋەزىيىتىدە نۇرغۇن يەرلىك نىزاملار ۋە قائىدىلەر يېڭى ۋەزىيەت ۋە ۋەزىپىلەرنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇنلىشالماي قالدى. بەزىلىرى ھەتتا ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا توسقۇنلۇق قىلىپ، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىشكە تەسىر يەتكۈزدى. ئۇلارنى جىددىي ئېنىقلاشقا توغرا كېلىدۇ. ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتى ۋە ئۈرۈمچى شەھىرى، ئاپتونوم ئوبلاستلاردىكى خ ق دائىمىي كومىتېتلىرى ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، قانۇننىڭ مۇقىملىقى ۋە ئىزچىللىقىدا چىڭ تۇرۇپ، چىقىرىش، ئۆزگەرتىش، بىكار قىلىشنى ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈپ، «ئۈچكە پايدىلىق بولۇش» ئۆلچىمى بويىچە دۆلەت يېڭىدىن ئېلان قىلغان قانۇن، نىزاملارغا ئۇيغۇن كەلمەيدىغان يەرلىك نىزاملار ۋە بەلگىلىمىلەر، WTO نىڭ قائىدىسىگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئادىل رىقابەتكە قاتنىشىشىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان يەرلىك نىزام، بەلگىلىمىلەر، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنىڭ تەلىپىگە، غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسىگە، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كەلمەيدىغان، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا توسقۇنلۇق قىلىدىغان يەرلىك نىزام ۋە بەلگىلىمىلەرنى تېزدىن ئېنىقلاپ، شىنجاڭچە ئالاھىدىلىككە ئىگە، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان، قانۇنلۇق ئىقتىسادىي گەۋدىلەرنىڭ ئادىل رىقابەتلىشىشىگە پايدىلىق بولغان قانۇنچىلىق مۇھىتىنى تىرىشىپ يارىتىش كېرەك.

شىنجاڭنى ئېچىش، گۈللەندۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرىدىغان يەرلىك نىزام ۋە بەلگىلىمىلەرنى تېزدىن تۈزۈپ چىقىش كېرەك. ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتى ئىلگىرىكى قانۇن چىقىرىش تەجرىبىلىرىنى ئەستايىدىل يەكۈنلەپ، قانۇن چىقىرىش خىزمىتى سەۋىيىسىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈشى كېرەك. مەۋقەنى ئاپتونوم رايون ئەھۋالىغا قويۇپ، قانۇن چىقىرىش خىزمىتى بىلەن ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىققا دائىر زور تەدبىرلەر بىلەن، غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنى ئىلگىرى سۈرۈش، قېلىپلاشتۇرۇش، كاپالەتلەندۈرۈش ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، 20 نەچچە يىلدىن بۇيانقى ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش تەجرىبىلىرىنى ئەستايىدىل يەكۈنلەپ، يېڭى يەرلىك نىزاملارنى چىڭ تۇتۇپ تۈزۈشى، بولۇپمۇ ئاساسىي قانۇن بەرگەن قانۇن چىقىرىش ئاپتونومىيە ھوقۇقىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، يەككە نىزاملارنى تۈزۈش خىزمىتىنى تېزلىتىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىنى چىقىش قىلىپ، ئىسلاھاتنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبىلىرىنى قانۇن شەكلىدە مۇقىملاشتۇرۇشقا ماھىر بولۇپ، ئىسلاھات مېۋىلىرىنى مۇستەھكەملەشتە ھەمدە نىزامنىڭ يېتەكچىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ، يېڭى ئەمەلىيەت ۋە يېڭى تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈشى لازىم. دۆلەتنىڭ قانۇن ـ تۈزۈمىنىڭ بىردەكلىكىنى قوغداش بىلەن يەرلىك ئالاھىدىلىكنى تولۇق گەۋدىلەندۈرۈشنى بىرلەشتۈرۈش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، قانۇن چىقىرىش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشنى مەركەز قىلىپ، قانۇن، نىزامنى ئىلمىيلاشتۇرۇش، قاراتمىلىققا، مەشغۇلاتچانلىققا ئىگە قىلىش جەھەتتە كۈچ سەرپ قىلىپ، دۆلەتنىڭ قانۇن، نىزاملىرى بىلەن جىپسىلاشقان، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا ئۈنۈملۈك كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدىغان يەرلىك نىزام سىستېمىسى بەرپا قىلىش كېرەك. نۆۋەتتە، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىيات يېڭى تەلىپىگە ئۇيغۇنلىشىپ، مەۋقەنى 10 ـ بەش يىللىق پىلاننى ۋە غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش

ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇشقا ياخشى مۇھىت يارىتىپ بېرىشكە قويۇپ، بازار سۇبيېكتى ھەرىكىتىنى قېلىپلاشتۇرۇش، بازار ئىگىلىكى تەرتىپىنى قوغداش، مەمۇرىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈش ۋە قانۇننى ئادىل يۈرگۈزۈشنى ئىلگىرى سۈرۈش، پۇقرالار، قانۇنىي ئىگىلەر ۋە باشقا تەشكىلاتلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداش، ئىجتىمائىي كاپالەت مېخانىزمىنى ئورنىتىش، ئېچىۋېتىش دائىرىسىنى كېڭەيتىش، كۆپ خىل ئىگىلىك تەركىبلىرى، بولۇپمۇ يەككە، خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ تەرەققىياتىغا ئىلھام بېرىش، ئىختىساس ئىگىلىرى، تېخنىكا، مەبلەغ جەلپ قىلىش، پۇقرالار ساپاسى تەربىيىسىگە ئەھمىيەت بېرىش، پەن - تېخنىكا تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، سىجىل تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرۇش جەھەتلەرگە جىددىي ئېھتىياجلىق قانۇن، نىزاملارنى نۇقتىلىق مۇھاكىمە قىلىپ تۈزۈش كېرەك. بولۇپمۇ غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنى چۆرىدىگەن ھالدا قانۇن چىقىرىش ئېھتىياجىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى كۈچەيتىپ، قاراتمىلىقى بولغان ھالدا مەبلەغ جەلپ قىلىش، قانۇنلۇق تىجارەتنى قوللاش ۋە قوغداش، كەڭ كۆلەمدە ئېچىشنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە دائىر يەرلىك نىزاملارنى تۈزۈش كېرەك. چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، دېموكراتىيە يوللىرىنى كەڭ ئېچىپ، خەلقنىڭ سادىسىغا قۇلاق سېلىپ، خەلقنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، قانۇن چىقىرىش پىلانىنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، تۈر تۇرغۇزۇش، دەلىللەش، تەييارلاش، قاراپ چىقىش ھالقىلىرىدىكى خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەپ، ھەم ئادەتتىكى ئۆلكە دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ قانۇن چىقىرىش ھوقۇقىنى پائال يۈرگۈزۈش، تېخىمۇ مۇھىمى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ قانۇن چىقىرىش ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشكە ماھىر بولۇش، مۇھىملىرى بىلەن مۇھىم ئەمەسلىرى، جىددىيلىرى بىلەن جىددىي ئەمەسلىرىنى پەرقلەندۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىپ، مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، جىددىيلىرىنى ئاۋۋال چىقىرىش كېرەك. ئومۇمىيلىق قارىشىنى كۈچەيتىش، ئومۇمىي مەنپەئەت بىلەن قىسمەن مەنپەئەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش، تارماق مەنپەئەتكە مايىل بولۇش ۋە يەرلىك قوغدىچىلىق قىلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، بولۇپمۇ ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ سىستېما بويىچە بازارنى پارچىلىۋېلىشتىن، قىسمەن مەنپەئەتنى قانۇنلاشتۇرۇۋېلىشتىن ساقلىنىش، تارماق مەنپەئەتنى دەپ ئومۇمىي مەنپەئەتكە زىيان يەتكۈزۈشكە يول قويماسلىق، «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» تەلىپى ۋە «ئۈچكە پايدىلىق بولۇش» ئۆلچىمى بويىچە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئىتىنى ياخشى قوغداش، ياخشى ئىشقا ئاشۇرۇش ۋە ياخشى تەرەققىي قىلدۇرۇش لازىم.

قانۇن بويىچە تىجارەت قىلىۋاتقان كارخانىلار، قانۇن، نىزامغا رىئايە قىلىۋاتقان تىجارەتچىلەرنى مەردانىلىك بىلەن قوللاپ ۋە قوغداپ، شىنجاڭنىڭ تەرەققىيات مۇھىتىنىڭ يەنىمۇ سەرخىللىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم. شىنجاڭ چەت جاي بولۇپ، تەبىئىي شارائىتى ناچار، خىزمەت، تۇرمۇش مۇھىتى بىر قەدەر جاپالىق، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنى چەكلەپ تۇرۇۋاتقان ئوبيېكتىپ ئامىللار بىر قەدەر كۆپ. شىنجاڭدا خىزمەت قىلىۋاتقان ھەر بىر يولداش ئىچكىرىدىكى ۋە دېڭىز بويىدىكى ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلارغا قارىغاندا تېخىمۇ ئازادە، تېخىمۇ كۆڭۈلدىكىدەك، تېخىمۇ ئۈستۈنلۈككە ئىگە مەبلەغ سېلىش مۇھىتىنى ياراتقاندىلا، مەبلەغ سالغۇچىلارنى جەلپ قىلىش مەسىلىسىنى ئاخىرقى ھېسابتا ھەل قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى سەگەكلىك بىلەن تونۇپ يېتىشى لازىم. ياخشى مۇھىت كۆپ تەرەپلىمىلىك ۋە كۆپ قاتلاملىق بولىدۇ، ئۇ تۈزۈلمە مۇھىتى، سىياسەت مۇھىتى، قانۇنچىلىق مۇھىتى، مۇلازىمەت مۇھىتى، گۇمانىتارلىق مۇھىتى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، بۇ مۇھىتلارنى باشقىلاردىن تېخىمۇ ياخشى قىلغاندىلا، ئاندىن مۇھىت ئۈستۈنلۈكىنى بارلىققا كەلتۈرگىلى بولىدۇ. ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە شىنجاڭنى ئىقتىسادىي تەرەققىياتتا باشقىلارنىڭ ئالدىغا ئۆتكۈزۈشتەك ئومۇمىيلىقنى زىچ چۆرىدەپ،

ئىدىيىنى يەنىمۇ ئازاد قىلىپ، قاراشنى ئۆزگەرتىپ، ئەمەلىي ھەرىكەتتە ئارقىلىق مۇھىت رىقابەتتە ئۈستۈنلۈكىنى بارلىققا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئاكتىپ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى ۋە تۆھپە قوشۇشى لازىم. يېڭى ئەمەلىيەت ۋە تەرەققىياتقا ئاساسەن، ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان قانۇن، نىزام ۋە ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ھازىرقى قانۇن، نىزاملارنى يولغا قويۇشنى ۋە ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ياخشى تۇتۇش لازىم. قارىماققا بەزى جايلارنىڭ خېرىدار چاقىرىش، مەبلەغ جەلپ قىلىش سىياسەتلىرىدە ناھايىتى ئېتىبار بېرىلگەن، لېكىن كونكرېت يولغا قويغاندا نۇرغان مەسىلىلەر ساقلانماقتا. بەزى تارماقلىرىمىز ۋە كادىرلىرىمىزدا دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدىكى مەبلەغ سالغۇچىلارغا قارىتا ئېتىراپ قىلىش تۇيغۇسى ۋە يېقىنچىلىق تۇيغۇسى كەمچىل، ئىش بېجىرىش تەرتىپى مۇرەككەپ، ئۇنۇمى تۆۋەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنى قىلمىشقا بولمايدۇ، بۇنى قىلىشقا بولمايدۇ دېگەن چەكلىمىلەر ناھايىتى كۆپ، قوللاش ۋە ئاسراش ئاز، سىرتتىن كەلگەن مەبلەغ سالغۇچىلارنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق ـ مەنپەئەتى تېگىشلىك ھۆرمەتكە ۋە ئادىل مۇئامىلىگە ئىگە بولالمايۋاتىدۇ. قەتئىي نىيەتكە كېلىپ بۇ خىل ۋەزىيەتنى تۈپتىن ئۆزگەرتىپ، يەرلىك دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگىنىنىڭ بۇ جەھەتتىكى فۇنكسىيىلىك رولىنى ۋە خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ ئۈستۈنلۈكىنى جارى قىلدۇرۇپ، بارلىق سىرتتىن كەلگەن مەبلەغ سالغۇچىلار ۋە ئاپتونوم رايون ئىچىدىكى تۈرلۈك مۈلۈكچىلىكتىكى كارخانىلارنىڭ تەرەققىي قىلىشىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن قوغداش ۋە قوللاش، ئادىل مۇئامىلىگە ئۇچرىمىغان كارخانىلار، كارخانا ئىگىلىك باشقۇرغۇچىلىرى، بولۇپمۇ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى ئۈچۈن گەۋدىلىك تۆھپە قوشقان كارخانىچىلارنى مەردانىلىك بىلەن قوللاش، ئۇلار ئۈچۈن سۆز قىلىش، ئۇلارنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنىڭ دەخلى ـ تەرۇزغا ئۇچرىماسلىقىنى قوغداش لازىم. مەركەزنىڭ بازار ئىقتىسادىنى تەرتىپكە سېلىش توغرىسىدىكى مۇناسىۋەتلىك سىياسەت، تەدبىرلىرىنى يەنىمۇ ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، بازار تەرتىپىنى قالايمىقان قىلىدىغان تۈرلۈك قىلمىشلارغا قانۇن بويىچە قاتتىق زەربە بېرىپ، ئادىل رىقابەتلىشىدىغان بازار تەرتىپىنى تىرىشىپ قوغداش لازىم. مەيلى قانۇن چىقىرىشتا بولسۇن، ياكى قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈش، چوڭ ـ چوڭ ئىشلارنى قاراپ چىقىش، باشقا تۈرلۈك فۇنكسىيىلەرنى ئادا قىلىشتا بولسۇن، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى تولۇق ئويلىشىش، ئىدىيىنى يەنىمۇ ئازاد قىلىپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەپ، ھەممە ئىشتا ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىش، شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىشكە، ھەر مىللەت خەلقىگە بەخت ـ سائادەت يارىتىشقا پايدىلىق بولىدىكەن، ئۇنى مەردانىلىك بىلەن قوللاش كېرەك؛ شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتىغا پايدىسىز، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەنپەئەتىگە زىيان يەتكۈزىدىغان ئىشلارنى مەردانىلىك بىلەن توسۇش لازىم. ھوقۇقنى يۈرگۈزگەندە ئەتراپلىق ئويلىشىش، ئۇنى دەپ بۇنىڭدىن قۇرۇق قېلىشتىن ساقلىنىش لازىم. غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش جەريانىدا بايلىقنى ئېچىش، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش بىلەن مۇھىتنى ئاسراشنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىش كېرەك، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى قۇربان قىلىش بەدىلىگە بىر مەھەللىك ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى قوغلىشىشقا ھەرگىز بولمايدۇ. بۇ ناھايىتى توغرا، لېكىن كونكرېت خىزمەتتە نوقۇل ھالدا مۇھىتنىڭ تەبىئىي ھالىتىنى قوغداشنى تەكىتلەپ، ئېچىش، قۇرۇلۇش قىلىش جەريانىدا ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى سەرخىللاشتۇرۇشقا ئەھمىيەت بەرمەي، ئىقتىسادىي تەرەققىيات بىلەن مۇھىت ئاسراشنى زىت قىلىپ قويىدىغان ئەھۋالنىڭ بارلىققا كېلىشىدىنمۇ ساقلىنىش لازىم. شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى نىسبەتەن ئارقىدا، مالىيە ئەھۋالى ناھايىتى قىيىن، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇشى تېخى باياشات ئەمەس، ئىش ئورنىدىن قالغان نۇرغۇن ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرمۇشى ئەڭ تۆۋەن كاپالەت سىزىقىدا تۇرۇۋاتىدۇ، يېزىلاردا يەنە خېلى بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ كىرىمى ناھايىتى تۆۋەن. ھوقۇق يۈرگۈزگەن، قانۇن، نىزام،

سىياسەتلەرنى تۈزگەن ۋە چوڭ - چوڭ ئىشلارنى قاراپ چىقىپ قارار قىلغاندا چوقۇم ئاپتونوم رايوننىڭ ئاساسىي ئەھۋالىنى چىقىش قىلىپ، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىش، ئىقتىسادچىللىق بىلەن دۆلەت قۇرۇش، ھەممە ئىشنى ئىقتىسادچىللىق بىلەن بېجىرىشتەك ئېسىل ئەنئەنىنى جارى قىلدۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىشىمىز، ئىچكىرى ئۆلكىلەر بىلەن قارىغۇلارچە بەسلىشىش، مەقسەتلىك ۋە مەقسەتسىز پاسسىپ، نارازىلىق كەيپىياتىنىڭ كۆرۈلۈشىنىڭ تىرىشىپ ئالدىنى ئېلىشىمىز لازىم.

( 2 ) يەرلىك دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگىنىنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي مۇقىملىقنى قوغداشتىكى رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش لازىم

نۆۋەتتە، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ مۇقىملىق ۋەزىيىتى ئومۇمىي جەھەتتىن ياخشى، لېكىن، خەلقئارا ۋەزىيەت مۇرەككەپ، ئۆزگىرىشچان بولۇۋاتقان، ئەتراپىمىزدىكى جايلاردا ئۇچىغا چىققان دىنىي كۈچلەر، خەلقئارا تېررورلۇق ھەرىكەتلىرى ناھايىتى ئەۋج ئالغان ئەھۋالدا، مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەر بۆلگۈنچىلىك قىلىش، بۇزغۇنچىلىق قىلىش ھەرىكىتىنى توختاتمايدۇ، بىز دۇچ كېلىۋاتقان دۈشمەنگە قارشى كۈرەش ۋەزىيىتى يەنىلا ناھايىتى كەسكىن. بولتۇردىن بۇيان، خەلقئارادا بىر يۈرۈش زور ۋەقەلەر يۈز بەردى، بولۇپمۇ « 11 - سېنتەبىر » ۋەقەسىنىڭ يۈز بېرىشى ۋە ئامېرىكىنىڭ ئافغانىستانغا ھەربىي ھەرىكەت ئېلىپ بېرىشى بىلەن، بىز تۇرۇۋاتقان خەلقئارا مۇھىت ۋە ئەتراپتىكى مۇھىتتا نۇرغۇن مۇرەككەپ ئامىللار بارلىققا كەلدى. بۇ قېتىم ئامېرىكا ئېلىپ بارغان ھەربىي ھەرىكەت ۋە خەلقئارا دائىرىدىكى تېررورلۇققا قارشى كۈرەش « ئۈچ خىل كۈچلەر » گە زەربە بەردى ۋە ئۇلارنى باستى، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقنى قوغداش جەھەتتىن قارىغاندا، بۇ مەلۇم دەرىجىدە بىزنىڭ « ئۈچ خىل كۈچلەر » گە زەربە بېرىشىمىزگە پايدىلىق. لېكىن بۇنداق ۋەزىيەتتە، « ئۈچ خىل كۈچلەر » زەربىگە ئۇچرىغان بۇ تەرەپنى بەك چوڭ مۆلچەرلەپ كېتىپ، ئۇنىڭغا بولغان ھوشيارلىقنى بوشاشتۇرۇپ قويۇشىمىزغا، بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى سالمىقىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ قويۇشىمىزغا بولمايدۇ. شۇنىمۇ سەگەكلىك بىلەن كۆرۈشىمىز كېرەككى، ئامېرىكا تېررورلۇققا زەربە بېرىشنى نۆۋەتتىكى جىددىي ئىش قىلىش بىلەن بىرگە، ئۇنىڭمۇ مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، زومىگەرلىكنى يولغا قويۇش، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئىشلىرىغا قول تىقىش، شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىنى شەرققە كېڭەيتىش، « شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى » نىڭ تەسىرىنى ئاجىزلاشتۇرۇش، بىزنى تىزگىنلەش سۇيىقەستىنىڭ بارلىقىنىمۇ كۆرۈشىمىز لازىم، ئامېرىكىنىڭ تۈپ مەقسىتى مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئۆزىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇزۇن مۇددەتلىك ئىستراتېگىيىلىك مۇددىئاسىنى يولغا قويۇشتۇر. ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى غەرب دۈشمەن كۈچلىرى سوتسىيالىستىك جۇڭگونىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە قۇدرەت تېپىشىنى خالىمايدۇ، ئۇلارنىڭ مىللەت - دىن مەسىلىلىرىدىن پايدىلىنىپ بىزنى « غەربلەشتۈرۈش » ، « پارچىلاش » ئىستراتېگىيىسىدە ئۆزگىرىش بولغىنى يوق، تېررورلۇققا زەربە بېرىش مەسىلىسىدە ئىككى خىل ئۆلچەمنى يولغا قويۇش، چېگرا سىرتىدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلىك تەشكىلاتىنى پائال يېتىشتۈرۈش ۋە ئۇنى يۆلەش سۇيىقەستى ئۆزگەرگىنى يوق. نۆۋەتتىكى ئەھۋالدىن قارىغاندا، چېگرا ئىچى - سىرتىدىكى مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەر بۆلگۈنچىلىك، بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىنى ھەرگىز توختاتمايدۇ، ئاشكارا، كەسكىن ئېلىپ بېرىلغان تېررورلۇق، زوراۋانلىق شەكلىدىكى كۈرەش دۇنيا جامائەت پىكرىنىڭ ئەيىبلىشىگە ئۇچراۋاتقان ئەھۋالدا مۇقەررەر ھالدا تاكتىكىسىنى تەڭشەپ، ئىدېئولوگىيە ساھەسىدە سىڭىپ كىرىش ۋە ئاغدۇرمىچىلىق قىلىش ھەرىكىتىنى جىددىيلەشتۈرىدۇ، كۆرۈنمەس سەپتىكى كۈرەش تېخىمۇ كەسكىنلىشىدۇ. ۋەزىيەتنى ئېنىق تونۇپ، بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەشنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىكلىكى، مۇشكۈللۈكى ۋە مۇرەككەپلىكىگە بولغان تونۇشىمىزنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈپ، يۈكسەك سىياسىي ھوشيارلىقنى ئىزچىل ساقلاپ، « مۇقىملىق ھەممىنى بېسىپ چۈشىدۇ » دېگەن ئىدىيىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، بىر قولدا

ئىسلاھات، تەرەققىياتنى تۇتۇش، يەنە بىر قولدا ئىتتىپاقلىق، مۇقىملىقنى تۇتۇشتا چىڭ تۇرۇپ، مۇقىملىقنى قوغداشقا دائىر تۈرلۈك خىزمەتلەرنى پۇختا، ياخشى ئىشلىشىمىز لازىم.

ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى مەركىزىي كومىتېتنىڭ شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش توغرىسىدىكى بىر قاتار فاڭجېن، سىياسەتلىرى ۋە باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىدىيىۋى تونۇشنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، سىياسىي جەھەتتە كۈچلۈك بولۇش مەسىلىسىنى تىرىشىپ ھەل قىلىشنى مۇھىم خىزمەت قاتارىدا چىڭ تۇتۇشى لازىم. شىنجاڭدا رەھبىرىي كادىرلارنىڭ سىياسىيغا ئەھمىيەت بېرىشىدە 1 ئورۇندا تۇرىدىغىنى مىللىي بۆلگۈنچىلىككە بايرىقى روشەن ھالدا قارشى تۇرۇپ، قەتئىي تەۋرەنمەي ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش. دۆلەتنىڭ ھاكىمىيەت ئورگىنى بولغان خەلق قۇرۇلتىيى سىياسىيغا ئەھمىيەت بېرىشنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇشى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك ق دائىمىي كومىتېتلىرىدىكى كادىرلار بولۇپمۇ رەھبىرىي كادىرلار سىياسىي سەزگۈرلۈكى ۋە سىياسىي پەرقلەندۈرۈش ئىقتىدارىنى يەنىمۇ ئاشۇرۇپ، مەسىلىلەرنى سىياسىي جەھەتتىن كۆزىتىشكە ماھىر بولۇپ، باشتىن - ئاخىر مېڭىنى سەگەك تۇتۇپ، ئاڭلىق تۇردە بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ 1 سېپىدە تۇرۇپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ۋە مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى قوغداشتەك مۇقەددەس بۇرچنى زىممىسىگە ئېلىپ، دۆلەتنىڭ ئالىي مەنپەئىتى ۋە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئىتىگە چېتىلىدىغان چوڭ ھەق - چوڭ ناھەق مەسىلىلىرىدە باشتىن - ئاخىر تونۇشتا مۇجمەل بولماسلىق، پوزىتسىيىسىدە تۇتۇق بولماسلىق، ھەرىكەتتە تەۋرەنمەسلىك، باشتىن - ئاخىر بايرىقى ئىنتايىن روشەن، مەيدانى ئىنتايىن مۇستەھكەم بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشى لازىم. سىياسىي جەھەتتە كۈچلۈك بولغاندىلا، دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگىنىنىڭ نوپۇزىنى تىكلىگىلى، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي مۇقىملىقىنى قوغداشتەك مۇقەددەس مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئالغىلى بولىدۇ.

بۆلگۈنچىلىك قىلمىش بىلەن بۆلگۈنچىلىك قىلمىشقا قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ يېڭى يۈزلىنىشى، يېڭى ئالاھىدىلىكىنى ئەستايىدىل مۇھاكىمە قىلىپ، يەرلىك دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگىنىنىڭ فۇنكسىيىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇش ئارقىلىق، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي مۇقىملىقىنى قوغداش ئۈچۈن تۆھپە قوشۇش كېرەك. نۆۋەتتە، دۇنيا مىقياسىدا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان تېررورلۇققا قارشى كۈرەش چېگرا ئىچى - سىرتىدىكى « ئۈچ خىل كۈچلەر » نىڭ پائالىيەت ماكانىنى زور دەرىجىدە تارايتىۋەتتى، لېكىن، ئامېرىكىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئىشلىرىغا بىۋاسىتە قول تىقىشى، غەرب دۈشمەن كۈچلىرىنىڭ دۆلىتىمىزنى « غەربلەشتۈرۈش »، « پارچىلاش » سۇيىقەستىنى جىددىيلەشتۈرۈشى، غەرب دۈشمەن كۈچلىرىنىڭ چېگرا ئىچى - سىرتىدىكى مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەرنى قوللىشى، قۇترىتىشىغا ئەگىشىپ، مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەر تاكتىكىسىنى ئۆزلۈكسىز تەڭشەپ « مىللەت »، « دىن »، « كىشىلىك ھوقۇق »، « دېموكراتىيە » بايرىقى ئاستىدىكى بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرىنى يەنىمۇ جىددىيلەشتۈرىدۇ، ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى سىڭىپ كىرىش تېخىمۇ ئېغىرلىشىدۇ، بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەش ۋەزىيىتى تېخىمۇ كەسكىنلىشىدۇ. خەلق قۇرۇلتىيى كۈچ تەشكىللەپ، ئالاقىدار قانۇن - نىزاملارنى ماسلاشتۇرۇش مەسىلىسىنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەش ۋەزىيىتىگە ماس كېلىدىغان يەرلىك قانۇن چىقىرىش خىزمىتىنى تېزلىتىپ، ئۈنۈملۈك قانۇن، نىزاملار ۋە قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈش ئارقىلىق، دۈشمەنگە كۈچلۈك زەربە بېرىشى لازىم. خ خ، ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ تايانچ كۈچلىرى، ئۇچىغا چىققان دىنىي كۈچلەرنىڭ باش ئۇنسۇرلىرى ۋە زوراۋان، تېررورچى جىنايەتچىلەرگە قانۇن بويىچە قاتتىق زەربە بېرىشىگە، ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ دۆلەتنىڭ بىخەتەرلىكىگە دەخلى - تەرۆز

يەتكۈزگەن جىنايەتچىلەر ۋە ئېغىر جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرىنى قانۇن بويىچە ئېغىرلىتىپ، تېز، قاتتىق جازالىشىغا مەدەت بېرىشى لازىم. ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار، خەلق ھۆكۈمەتلىرى بىلەن ھەمكارلىشىپ، ئاممىغا تەشۋىق قىلىش، ئاممىنى تەربىيىلەش خىزمىتىنى ھەقىقىي ياخشى تۇتۇپ، كادىرلار، ئاممىنى قاراشنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، ھەق ـ ناھەقنى ئايرىپ، ماركسىزملىق دۆلەت قارىشى، مىللەت قارىشى ۋە دىن قارىشىنى تۇرغۇزۇپ، شىنجاڭنىڭ تارىخىنى توغرا تونۇش ۋە ئۇنىڭغا توغرا مۇئامىلە قىلىشقا يېتەكلەپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ۋە مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى قوغداشتىكى كۈچلۈك ئاممىۋى ئاساسىنى تىكلىشى كېرەك.

( 3 ) نازارەتچىلىك رولىنى يەنىمۇ جارى قىلدۇرۇپ، مەمۇرىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈش، قانۇننى ئادىل يۈرگۈزۈشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، پارتىيە بىلەن ئاممىنىڭ، كادىرلار بىلەن ئاممىنىڭ مۇناسىۋىتىنى قويۇقلاشتۇرۇش كېرەك

پارتىيە 15 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 6 ـ ئومۇمىي يىغىنى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق 6 ـ نۆۋەتلىك پارتكوم 2 ـ ئومۇمىي ( كېڭەيتىلگەن ) يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پارتىيىنىڭ ئىستىل قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ ۋە ياخشىلاپ، پارتىيە بىلەن خەلق ئاممىسىنىڭ قان بىلەن گۆشتەك مۇناسىۋىتىنى يەنىمۇ قويۇقلاشتۇرۇش ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ئۈچۈن ئېيتقاندا، خەلققە ۋاكالىتەن نازارەتچىلىك ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈپ، مەمۇرىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈش ۋە قانۇننى ئادىل يۈرگۈزۈشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئەتىنى قوغدىغانلىق بولىدۇ. نازارەتچىلىك ھوقۇقى ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلار خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىغا بەرگەن بىر تۈرلۈك مۇھىم ھوقۇق. مەملىكىتىمىزنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تۈزۈمىدە، تۈرلۈك شەكىلدىكى نازارەتچىلىك، جۈملىدىن پارتىيە ئىچىدىكى نازارەتچىلىك، دېموكراتىك نازارەتچىلىك، قانۇن نازارەتچىلىكى قاتارلىقلار بار، ھاكىمىيەت ئورگىنى بولغان خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نازارەتچىلىكى خەلققە ۋاكالىتەن ئېلىپ بېرىلىدىغان نازارەتچىلىك بولۇپ، ئۇ شەخسىي ھەرىكەت بولماستىن، بىر خىل دۆلەت تۈزۈلمىسى ھېسابلىنىدۇ. بۇ خىل نازارەتچىلىك دۆلەتنىڭ تۈرلۈك نازارەتچىلىكى ئىچىدىكى ئەڭ نوپۇزلۇق، قانۇنىي كۈچكە ئىگە نازارەتچىلىك بولۇپ، خەلقنىڭ دۆلەتنى باشقۇرۇش ھوقۇقىنى يۈرگۈزگەنلىكىنىڭ مۇھىم ئىپادىسى، ئۇنىڭ مەقسىتى ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا، پۇقرالارنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنىڭ ھەقىقىي ھۆرمەتكە ئېرىشىشىگە، مەمۇرىي ۋە ئەدلىيە ھوقۇقىنىڭ توغرا يۈرگۈزۈلۈشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش. خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نازارەتچىلىك فۇنكسىيىسىنى كۈچەيتىش ھەم سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تەرەققىياتىنىڭ تەلىپى، ھەم دۆلەت ئورگىنىنىڭ ئىستىلىنى ياخشىلاش، پاكلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنىڭ ئېھتىياجى. ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇلارنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرى دۆلەت ۋە خەلققە يۈكسەك مەسئۇل بولۇش روھى بىلەن نازارەتچىلىك ھوقۇقىنى مەردانىلىك بىلەن ياخشى يۈرگۈزۈپ، ھەم نازارەتچىلىك قىلىشقا جۈرئەت قىلىشى ھەم نازارەتچىلىك قىلىشقا ماھىر بولۇشى كېرەك.

لېنىن مۇنداق كۆرسەتكەنىدى: « چەكلىمىگە ئۇچرىمايدىغان ھوقۇق مۇقەررەر يوسۇندا چەكلىمىگە ئۇچرىمايدىغان چىرىكلىكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ » . چىرىكلىك مەسىلىسى ۋە ناتوغرا ئىستىل ھوقۇقتىن پەيدا بولىدۇ، نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىشتىكى يادرولۇق مەسىلە ھوقۇقتا بولغان نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىش مەسىلىسىدۇر. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، خەلق ئاممىسىنىڭ قانۇننى ئىجرا قىلىشتىكى ئادىل بولماسلىق، ئەدلىيە جەھەتتىكى چىرىكلىك مەسىلىلىرىگە بولغان ئىنكاسى ئىنتايىن كۈچلۈك بولدى، بىز بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشتا باشتىن ـ ئاخىر كۈچ سەرپ قىلىۋاتقان بولساقمۇ، قانۇنغا ئاساسلانماسلىق، قانۇننى قاتتىق ئىجرا قىلماسلىق، ھەتتا قانۇننى ئىجرا قىلىپ تۇرۇپ قانۇنغا

خىلاپلىق قىلىش، نەپسانىيەتچىلىك قىلىپ قانۇننى دەپسەندە قىلىش قاتارلىق قانۇن، ئىنتىزامغا خىلاپ قىلمىشلار دائىم يۈز بېرىپ، قانۇننى ئادىل يۈرگۈزۈشكە ئېغىر تەسىر يەتكۈزدى. بەزىلەر پارتىيە ۋە دۆلەت مەيدانىدا، خەلق مەيدانىدا تۇرۇپ قانۇننى قاتتىق، ئادىل ئىجرا قىلماي، چۆپقەتچىلىك دېلولىرى، ئادەمگەرچىلىك دېلولىرى، ھوقۇق، پۇل سودىسى دېلولىرىنى بېجىرىپ، ئىنتايىن يامان تەسىر پەيدا قىلدى. قانۇنىمىز خەلقنى قوغداپ، جىنايەتنى جازالايدىغان قانۇن بولۇپ، خەلقنىڭ مەنپەئىتى بىلەن قارشىلىشىشقا قەتئىي يول قويمايدۇ. ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى نازارەتچىلىك خىزمىتىنى بىر تۇرلۇك مۇھىم ۋەزىپە قاتارىدا ھەقىقىي چىڭ، ياخشى تۇتۇشى لازىم. ھۆكۈمەت، ئىككى مەھكىمىنى نازارەت قىلىشنى كۈچەيتىپ، پىلان، خام چوتنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىنى نازارەت قىلىش ۋە ئىسلاھات، تەرەققىياتقا دائىر چوڭ- چوڭ تەدبىرلەرنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىنى نازارەت قىلىشنى نۇقتىلىق ياخشى تۇتۇپ، ئالاقىدار دۆلەت ئورگىنىنىڭ خىزمەتلەرنى ھەقىقىي ياخشىلاپ، تۇرلۇك ئىسلاھات ۋە خىزمەت تەدبىرلىرىنىڭ ئۈنۈملۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشىگە كاپالەتلىك قىلىشىغا مەدەت بېرىش ۋە ھەيدەكچىلىك قىلىش كېرەك. خەلق ئاممىسىنىڭ ئىنكاسى كۈچلۈك بولغان گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى تۇتۇپ، ھۆكۈمەت فۇنكسىيىسىنى ئۆزگەرتىش، مەمۇرىي جەھەتتىن تەكشۈرۈپ تەستىقلاشنى ئىخچاملاش، خىزمەت ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش، ھۆكۈمەت ئىشىدا پاك بولۇشنى كۈچەيتىشنى چۆرىدىگەن ھالدا ھۆكۈمەت خىزمىتىنى نازارەت قىلىش كېرەك. ئەدلىيە ئورگانلىرىنى نازارەت قىلىش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، بەزى جايلار ۋە تارماقلاردىكى نازارەت كۈچلۈك بولماسلىق، شەكىلگە ئايلىنىپ قېلىشتەك ئەھۋاللارنى ئۆزگەرتىش كېرەك. تىپىك دېلولارنى تاللاپ ئانالىز قىلىپ، ئاممىنىڭ ئىنكاسى كۈچلۈك بولغان گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا ئىرادە باغلاپ، تايىنىدىغان قانۇن تۇرۇپ تايانماسلىق، قانۇننى قاتتىق ئىجرا قىلماسلىق، قانۇنسىز قىلمىشلارنى سۈرۈشتۈرمەسلىك ۋە دېلو بېجىرىشتە قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش، دېلونى ئادىل بېجىرمەسلىك مەسىلىلىرىنى قەتئىي تۈزىتىپ، ئەدلىيە چىرىكلىكىدىن ساقلىنىش ۋە ئۇنى تۈگىتىش كېرەك. نازارەت قىلىش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، نازارەت قىلىش خىزمىتىنىڭ تۈزۈملىشىشى، قېلىپلىشىشى ۋە ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئىگە بولۇشىنى ھەقىقىي ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. نازارەت قىلىش بىلەن قوللاشنى بىرلىككە كەلتۈرۈش كېرەك، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ھۆكۈمەت، ئىككى مەھكىمىنى نازارەت قىلىشتىكى مەقسىتى ھۆكۈمەت، ئىككى مەھكىمىنىڭ خىزمىتىنى ياخشىلاپ، ئۆز مەسئۇلىيىتىنى تېخىمۇ ياخشى ئادا قىلىشىغا ھەيدەكچىلىك قىلىش ۋە مەدەت بېرىشتىن ئىبارەت. ھۆكۈمەت، ئىككى مەھكىمە خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نازارىتىنى ئاڭلىق قوبۇل قىلىشى، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نازارىتىنىڭ دۆلەتنىڭ نازارىتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغانلىقىنى، خەلقنىڭ نازارىتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغانلىقىنى، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلغانلىق خەلقنىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلغانلىق، خەلقنىڭ خوجايىنلىق سىياسىي ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلغانلىق بولىدىغانلىقىنى تونۇشى كېرەك. يولداش جياڭ زېمىن «ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار خەلقنىڭ چاكىرى، شۇڭا خەلقنىڭ ۋە قانۇننىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلىشى كېرەك» دەپ كۆرسەتتى. ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى دۆلەت ئورگانلىرىدىكى خادىملارنى نازارەت قىلىشنى ياخشىلىشى ۋە كۈچەيتىشى، دۆلەت ئورگانلىرىدىكى خادىملارنىڭ قانۇن بويىچە ئىش قىلىشىغا، ھۆكۈمەت ئىشىدا پاك، تىرىشچان بولۇشىغا ھەيدەكچىلىك قىلىشى، قانۇن ئىجراسى مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ۋە ناھەق، خاتا دېلولاردىكى مەسئۇلىيەتنى سۈرۈشتۈرۈش تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ھوقۇقنى قالايمىقان ئىشلىتىش ھەمدە قانۇندىن ھالقىپ كېتىشتەك باشقا قىلمىشلارنى قەتئىي تۈزىتىشى، خەلق بەرگەن ھوقۇقنى توغرا يۈرگۈزۈشى، جان- دىلى بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى كېرەك. نازارەت قىلىش داۋامىدا بايقالغان چوڭ- چوڭ مەسىلىلەرنى تەڭ دەرىجىلىك پارتكوملارغا ۋاقتىدا دوكلات قىلىشى كېرەك. قانۇن، ئىنتىزامغا خىلاپلىق قى-

لىش، خىيانەتچىلىك قىلىپ چىرىكلىشىش، خىزمەتتە مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىش، ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ ئۆز كۆمىچىگە چوغ تارتىش، يۈزخاتىر قىلىپ قانۇننى بۇزۇش قاتارلىق قىلمىشلارنى سادىر قىلغان دۆلەت ئورگانلىرىدىكى خادىملارنى خەلق قۇرۇلتىيى ھەمدە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتى ۋەزىپىسىدىن ئېلىۋېتىشكە، قالدۇرۇشقا توغرا كەلسە، قانۇن بويىچە ۋەزىپىسىدىن ئېلىۋېتىشى، قالدۇرۇۋېتىشى كېرەك. ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ جىنايى ئىشلار قانۇنىغا خىلاپلىق قىلغانلارنىڭ جىنايى جاۋابكارلىقىنى سۈرۈشتۈرۈشىنى قوللىشى كېرەك.

خەلق قۇرۇلتىيى ھەمدە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتى خەلقنىڭ ھاۋالىسى بىلەن خەلققە ۋاكالىتەن دۆلەت ھوقۇقىنى يۈرگۈزىدۇ. خەلقنىڭ مەنپەئىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈش ۋە گەۋدىلەندۈرۈش خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ بارلىق خىزمەتلىرىنىڭ چىقىش نۇقتىسى ۋە ئاخىرقى مەقسىتى. ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى پارتىيە 15 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 6 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ « قارار » ى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ پىكرىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، « ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش » مۇھىم ئىدىيىسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئىدىيىۋى ئىستىل، ئۆگىنىش ئىستىلى، خىزمەت ئىستىلى ۋە كادىرلارنىڭ تۇرمۇش ئىستىلى قاتارلىق جەھەتلەردىكى گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى چىڭ تۇتۇپ، « سەككىزدە چىڭ تۇرۇش، سەككىزگە قارشى تۇرۇش » تەلىپى بويىچە ئىستىل قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشى كېرەك. ئامما بىلەن ئالاقە باغلاش ئەنئەنىسى ۋە ئۈستۈنلۈكىنى يەنىمۇ جارى قىلدۇرۇپ، خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ۋە خەلق ئاممىسى بىلەن بولغان ئالاقىنى ھەقىقىي قويۇقلاشتۇرۇشنى خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ بىر تۈرلۈك مۇھىم ئاساس خاراكتېرلىك خىزمىتى سۈپىتىدە تۇتۇشى كېرەك. ۋەكىللەر قانۇنىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ۋەكىللەرنىڭ مەسئۇلىيىتىنى قانۇن بويىچە ئادا قىلىشىغا، ۋەكىللەرنىڭ ھوقۇقىنىڭ دەخلى ـ تەرۇزغا ئۇچرىماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. ۋەكىللەرنى كۆزدىن كەچۈرۈش پائالىيەتلىرىگە پىلانلىق تەشكىللەپ، ۋەكىللەرنىڭ گۇۋاھنامە بىلەن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ مەسئۇللىرى بىلەن كېلىشىپ قويۇپ كۆرۈشۈش تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇپ، ۋەكىللەرنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلەرنى نازارەت قىلىش رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش كېرەك. تەكلىپ، تەنقىد، پىكىرلەرنى بىر تەرەپ قىلىش خىزمىتىنى ياخشىلاپ، ھەيدەكچىلىك قىلىش، تەكشۈرۈشنى كۈچەيتىپ، بىر تەرەپ قىلىش سۈپىتىنى ئىرىشىپ ئۆستۈرۈش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك يەرلىك دۆلەت ئورگانلىرى ۋەكىللەرنىڭ قانۇنىي ئورنىغا تولۇق ھۆرمەت قىلىشى، ۋەكىللەرنىڭ خىزمىتىنى ئاكتىپ قوللىشى، ۋەكىللەرنىڭ نازارىتىنى ئاڭلىق قوبۇل قىلىشى كېرەك. خەلق ئاممىسىدىن كەلگەن خەت ـ چەكلەر ۋە ئەرز ـ شىكايەت، پاش قىلىش ئىشلىرىغا ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىپ، ئىنكاس قىلىنغان قانۇنغا خىلاپ چوڭ ـ چوڭ مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش سالمىقىنى كۈچەيتىپ، خەلق ئاممىسىغا رازى بولغۇدەك جاۋاب بېرىش كېرەك. ئاساسىي قاتلامغا چوڭقۇر چۆكۈپ، ئاممىنىڭ ساداسىغا قۇلاق سېلىپ، ئاممىنىڭ دەرد ـ ھالىغا يېتىپ، تۈرلۈك ئاماللار بىلەن خەلق ئاممىسىنى غەم ـ ئەندىشىدىن خالاس قىلىش كېرەك. خەلق ئاممىسى بىلەن بولغان قويۇق ئالاقە ئارقىلىق، يۇقىرىلارنىڭ ئەھۋالىنى چوڭقۇرلاپ ئىگىلەيدىغان، خەلق رايىنى تولۇق ئەكس ئەتتۈرىدىغان، خەلقنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىنى كەڭ كۆلەمدە مەركەزلەشتۈرۈپ تەدبىر بەلگىلەيدىغان مېخانىزمنى تەدرىجىي شەكىللەندۈرۈپ، تەدبىر بەلگىلەش سەۋىيىسى ۋە خىزمەت ئۈنۈمىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، ئىستىلنى ياخشىلاشتەك ئەمەلىي ھەرىكەت ئارقىلىق خەلقنىڭ ئىشەنچىسىگە، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشىش كېرەك.

(4) ھەر دەرىجىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى ھەقىقىي كۈچەيتىش كېرەك

يېڭى ۋەزىيەت ۋە ۋەزىپىلەرنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇنلىشىش، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ خىزمەتلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ئۆز قۇرۇلۇشىنى كۈچەي-

تىشنى قىلچىمۇ كېچىكتۈرگىلى بولمايدىغان تەخىرسىز ۋەزىپە قاتارىدا چىڭ، ياخشى تۇتۇپ، ئىدىيىۋى ئىستىل قۇرۇلۇشى، كەسىپ قۇرۇلۇشى، تەشكىلىي قۇرۇلۇش ۋە تۈزۈم قۇرۇلۇشىدا تىرىشىپ روشەن ئىلگىرىلەش ھاسىل قىلىپ، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى يېڭى سەۋىيىگە يۈكسەلدۈرۈشى كېرەك.

سىياسىي قاراشنى كۈچەيتىپ، سىياسىي جەھەتتە باشتىن - ئاخىر مۇستەھكەم بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. رەھبىرىي كادىرلارنىڭ سىياسىيغا ئەھمىيەت بېرىشى يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئوتتۇرىغا قويغان ئېنىق تەلەپ. خەلق قۇرۇلتىيى زىممىسىگە مۇھىم مەسئۇلىيەتنى ئالغان بولغاچقا، سىياسىي جەھەتتە كۈچلۈك بولۇشنى ئۆز قۇرۇلۇشىدىكى بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان تەلەپ قىلىشى كېرەك. سىياسىي سەزگۈرلۈك، سىياسىي پەرقلەندۈرۈش ئىقتىدارى ۋە سىياسىي قەتئىيلىكنى يەنىمۇ ئاشۇرۇپ، مەسىلىلەرنى سىياسىي جەھەتتىن كۆزىتىش، تەھلىل قىلىش ۋە بىر تەرەپ قىلىشتا ماھىر بولۇپ، مېڭىنى باشتىن - ئاخىر سەگەك تۇتۇپ، توغرا سىياسىي يۆنىلىشنى ئىگىلەپ، سىياسىي جەھەتتە، ئىدىيە جەھەتتە، ھەرىكەت جەھەتتە يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن يۈكسەك بىردەكلىكنى ساقلاپ، مەركەزنىڭ تۈرلۈك فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى قەتئىي تەۋرەنمەي ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. ئومۇمىيلىق قارىشىنى كۈچەيتىپ، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ئالىي مەنپەئەتىنى ئاڭلىق قوغداپ، ئومۇمىيلىق ئاستىدا ھەرىكەت قىلىشتا باشتىن - ئاخىر چىڭ تۇرۇپ، ئومۇمىلۇققا تەشەببۇسكارلىق بىلەن بويسۇنۇش، ئومۇمىيلىقنى قوللاش ئارقىلىق پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرى، مەركىزىي كومىتېتنىڭ شىنجاڭ خىزمىتىگە دائىر بىر قاتار چوڭ - چوڭ تەدبىرلىرى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇشىنى دەل جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش كۈرەشىنىڭ 1 - سېپىدە ئاڭلىق تۇرۇپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە بايرىقى روشەن ھالدا قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قەتئىي تەۋرەنمەي قوغداپ، چوڭ ھەق - چوڭ ناھەق مەسىلىلەردە باشتىن - ئاخىر مەيدانى مۇستەھكەم، بايرىقى روشەن، ھەرىكەتتە ئاكتىپ بولۇش كېرەك. بۇ مەسىلىدىكى مەيدانى، پوزىتسىيىسى ۋە ئەمەلىي ئىپادىسىنى كادىرلارنىڭ سىياسىي جەھەتتە كۈچلۈك ياكى كۈچلۈك ئەمەسلىكىنى، ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىشكە بولىدىغان - بولمايدىغانلىقىنىڭ مۇھىم ئۆلچىمى قىلىش كېرەك. سىياسىي ئىنتىزامنى تەكشۈرۈشنى كۈچەيتىپ، بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۆرەشتە پوزىتسىيىسى قەتئىي بولمىغان، ھەرىكەتتە تەۋرەنگەن، مەيدانى مۇقىم بولمىغان، ئالدىدا بىر خىل، ئارقىدا بىر خىل بولۇشتەك سىياسىي ئىككى يۈزلىمىچىلىك قىلغانلارنى، ھەتتا قانۇنسىز تەشكىلاتلارغا قاتناشقان، مىللىي بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرىنى قانات ئاستىغا ئالغان، قوللىغان، ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلغان ۋە يول قويغانلارنى قەتئىي سۈرۈشتۈرۈش كېرەك. سىياسىي جەھەتتە ئېغىر دەرىجىدە ساپ بولمىغانلارنى دۆلەتنىڭ ھاكىمىيەت ئورگانلىرىدا خىزمەتكە قويۇشقا بولمايدۇ. ئېغىر مەسىلىسى بار كادىرلارنى پارتىيە ئىنتىزامى، مەمۇرىي ئىنتىزام بويىچە بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. بۇ نۇقتىدا قىلچىمۇ مۇجمەللىك قىلىشقا بولمايدۇ.

ئۆگىنىشنى كۈچەيتىپ، خىزمەت سەۋىيىسىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈش كېرەك. يېڭى ۋەزىيەتتە پۈتۈن پارتىيىنىڭ، بولۇپمۇ رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ئۆگىنىشنى كۈچەيتىش يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى 3 - ئەۋلاد مەركىزىي كومىتېت رەھبەرلىك كوللېكتىپى قايتا - قايتا تەكىتلىگەن مۇھىم مەسىلە. خ ق دائىمىي كومىتېتى تەركىبىدىكى خادىملار ۋە خ ق دائىمىي كومىتېتى ئورگىنىدىكى كادىرلار ئۆگىنىش ئاڭلىقلىقى ۋە تەخىرسىزلىكىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، يېڭى ۋەزىيەت ۋە يېڭى ۋەزىپىنىڭ تەلىپىگە تىرىشىپ ئۇيغۇنلىشىپ، قانۇن ئاتا قىلغان مۇقەددەس بۇرچنى ھەقىقىي ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك. نەزەرىيە ئارقىلىق قوراللىنىشنى ئالدىنقى

ئورۇنغا قويۇپ، ماركسىزم ـ لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى ۋە دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى، «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئۆزىنىڭ ماركسىزملىق نەزەرىيە سەۋىيىسىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈشى كېرەك. پەن ـ تېخنىكا كۈنسايىن يېڭىلىنىپ، بىلىمدە شىددەت بىلەن يېڭىلىق يارىتىلىپ، تۈرلۈك ئىدىيە، مەدەنىيەتلەر ئۇچرىشىپ، ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچى رىقابىتى بارغانسېرى پەن ـ تېخنىكا، بىلىم ۋە ئىختىساس ئىگىلىرى رىقابىتىدە ئىپادىلىنىۋاتقان بۈگۈنكى دەۋردە بىز تېخىمۇ كۆپ يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلە، يېڭى ساھەلەرگە دۇچ كېلىمىز. دەۋر تەلىپىگە ئويغۇنلىشىش ئۈچۈن، يېڭى بىلىملەرنى ئۆگىنىشنى مۇھىم سىياسىي مەسئۇلىيەت ۋە خىزمەت ۋەزىپىسى قىلىپ، ئۆگىنىشكە كۆپرەك ۋاقىت ئاجرىتىپ، باردى ـ كەلدىنى ئازراق قىلىپ، بىلىمنى تىرىشىپ يېڭىلاپ، نەزەر دائىرىنى، پىكىر يولىنى كېڭەيتىپ، خىزمەت سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش كېرەك. خىزمەت ئالاھىدىلىكى ۋە ئېھتىياجىغا بىرلەشتۈرۈپ، مۇھىم نۇقتىسى بولغان ھالدا كەسپىي بىلىملەرنى ئۆگىنىشكە ماھىر بولۇپ، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنىڭ قانۇنىيىتىنى تىرىشىپ ئىگىلەپ، خىزمەتنىڭ پرىنسىپچانلىقى، سىستېمىلىقلىقى، ئالدىن كۆرەرلىكلىكى ۋە ئىجادىيلىقىنى ئاشۇرۇپ، ئۆز مەسئۇلىيىتىنى تېخىمۇ ياخشى ئادا قىلىش كېرەك.

خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش شەرەپ تۇيغۇسى، مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى ئاشۇرۇپ، ياخشى روھىي ھالەتنى ساقلاش كېرەك. خ ق دائىمىي كومىتېتىدىكى رەھبىرىي كادىرلارنىڭ كۆپىنچىسى پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىك ئورۇنلىرىدىن بارغان، ئۇلارنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشتا ياخشى روھىي ھالەتنى ساقلىشى ئىنتايىن مۇھىم. خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى پارتىيىنىڭ باشقا خىزمەتلىرىگە ئوخشاشلا 1 ـ سەپتىكى خىزمەت. خ ق دائىمىي كومىتېتىغا بېرىپ خىزمەت قىلىش پەقەت خىزمەت ئورنىنىڭلا ئالمىشىشى، ھەرگىزمۇ 1 ـ سەپتىكى خىزمەت ئورنىدىن ئايرىلغانلىقتىن دېرەك بەرمەيدۇ. خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەزىپىسى ئىنتايىن ئېغىر، ئۇ يەردىمۇ نى ـ نى ئىشلارنى قىلغىلى بولىدۇ. خ ق دائىمىي كومىتېتىدا خىزمەت قىلىش پېنسىيىگە چىقىشتىن ئىلگىرىكى ئۆتكۈنچى مەنزىل، «ئاخىرقى بېكەت»، 2 ـ سەپكە چېكىنگەنلىك دېگەن قاراش توغرا ئەمەس، بۇنداق قاراشنى قەتئىي تۈزىتىش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى ئورگانلىرى ئىتتىپاق، جىددىي خىزمەت مۇھىتىنى تىرىشىپ يارىتىشى، ھەرگىزمۇ لىغىتاسىلىق قىلىپ يۈرمەسلىكى كېرەك. جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەشتەك ياخشى خىزمەت ھالىتىنى باشتىن ـ ئاخىر ساقلاپ، خ ق دائىمىي كومىتېتىدا ئىجتىھات بىلەن پۇختا ئىشلەپ، تىرىشىپ تۆھپە يارىتىشى كېرەك. ئاڭلىق يوسۇندا پاك ـ دىيانەتلىك بولۇپ، تىرىشىپ خەلق ئۈچۈن ئىشلىشى كېرەك. خ ق دائىمىي كومىتېتىدىكى ھەر بىر كادىر ئۆزىنىڭ زىممىسىدىكى ئېغىر ۋەزىپىنى ئېنىق تونۇپ، پارتىيە ۋە خەلقنىڭ ھاۋالىسىنى قەدىرلەپ، خەلق ئۈچۈن ھوقۇقنى ياخشى تۇتۇش، ھوقۇقنى ياخشى ئىشلىتىشتىن ئىبارەت توپ مەسىلىنى چۆرىدەپ، ئۆزىنىڭ پارتىيە ئىستىلى قۇرۇلۇشى، پاكلىق قۇرۇلۇشىنى ياخشى تۇتۇشى كېرەك. كوممۇنىزم غايىسى ۋە جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئېتىقادىنى يەنىمۇ چىڭىتىپ، جان ـ دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش توپ مەقسىتىنى ئېسىدە چىڭ ساقلاپ، ھوقۇق، مەرتىۋە ۋە ئۆز مەنپەئىتىگە توغرا مۇئامىلە قىلىپ، خەلقنىڭ چاكىرى بولۇشى كېرەك. ھەر قاچان پارتىيە ۋە خەلقنىڭ مەنپەئىتىنى 1 ـ ئورۇنغا قويۇپ، ھەر قانداق ۋاقىتتا، ھەر قانداق جايدا ئۆزىنى پارتىيە ئىنتىزامى، مەمۇرىي ئىنتىزام ئارقىلىق ئاڭلىق چەكلىشى، ئاممىنىڭ رازى بولۇش دەرىجىسىگە قاراپ ئۆزىنى قامچىلىشى، كىچىككىنە بەلگىسىنى كۆرۈپلا ماھىيىتىگە يېتىپ، بىخ ھالىتىدىلا ئالدىنى ئېلىشى كېرەك. پاك، ئىنتىزامچان بولۇشقا دائىر تۈرلۈك بەلگىلىمىلەرگە ئاڭلىق رىئايە قىلىپ، ئۆزىنى، جۆرىسىنى، پەرزەنتلىرىنى ۋە يېنىدىكى خىزمەتچى خادىملارنى ئوبدان باشقۇرۇشى كېرەك. ئىدىيىۋى ئەخلاق تەربىيىلىنىشنى كۈ-

چېتىش، ئوبيېكتىپ دۇنيانى ئۆزگەرتىش بىلەن بىرگە، تىرىشىپ سۇبيېكتىپ دۇنيانى ئۆزگەرتىپ، ئىنقىلابىي پەزىلىتىنى تاۋلاپ، مەنىۋى خىسلىتىنى يېتىلدۈرۈپ، چىرىكلىككە تاقابىل تۇرۇش، ئاينىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئىدىيىۋى ئەخلاق مۇداپىئە سېپىنى مۇستەھكەم قۇرۇپ چىقىشى كېرەك. ئۆز ئوبرازىنىڭ ئۈلگىلىك رولىغا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، ئۆزىنى قەدىرلەپ، ئۆزى ئۈستىدە ئويلىنىپ، ئۆزىنى ئاگاھلاندۇرۇپ، ئۆزىنى رىغبەتلەندۈرۈپ، پاك - دىيانەتلىك بولۇپ، تىرىشىپ خەلق ئۈچۈن ئىشلىشى كېرەك.

**3. پارتىيىنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش كېرەك**

پارتىيىنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش يېڭى ۋەزىيەتتە پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، پارتىيىنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش سەۋىيىسى ۋە رەھبەرلىك سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشتىكى مۇھىم تەلەپ، شۇنداقلا خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ تۈپ كاپالىتى. يولداش جياڭ زېمىن تەكىتلەپ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «پارتىيىنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئورنى دۆلەتنىڭ ھاكىمىيەت ئورگىنىنىڭ رەھبەرلىكى ئارقىلىق ئىشقا ئاشىدۇ، بۇنداق رەھبەرلىك تاشلاپ قويۇلسا، ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئورنىدىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ»، «پارتكوم ئىلمىي، قېلىپلاشقان، تۈزۈملەشكەن مېخانىزم ئارقىلىق خ ق دائىمىي كومىتېتى، ھۆكۈمەت، سىياسىي كېڭەش، خەلق تەشكىلاتلىرىغا بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىشى كېرەك». پارتىيە 15 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 6 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ قارارىدا مۇنداق دەپ كۆرسىتىلدى: ئومۇمىيلىقنى ئىگىلەپ، ھەر قايسى تەرەپلەرنى ماسلاشتۇرۇش ھەر دەرىجىلىك پارتكوملارنىڭ تەڭ دەرىجىلىك ھەر خىل تەشكىلاتلار ئىچىدە رەھبەرلىك يادروسلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇشىدىكى تۈپ پرىنسىپ، ئۇنىڭدا باشتىن - ئاخىر چىڭ تۇرۇش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار مۇشۇ تەلەپ بويىچە، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ ۋە ياخشىلاپ، يەرلىك دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگانلىرىنىڭ رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇشى كېرەك.

پۈتۈن پارتىيە خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىك تۈزۈمىنى ئورنىتىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى ھەقىقىي تۈردە پارتىيە رەھبەرلىكى ئاستىغا قويۇش كېرەك. پارتىيىنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكىدىكى يادرولۇق مەسىلە سىياسىي رەھبەرلىكنى كۈچەيتىش، ئاساسلىقى سىياسىي پرىنسىپ، سىياسىي يۆنىلىش، زور تەدبىر جەھەتتىكى رەھبەرلىك مەسىلىسى. ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار سىياسىي رەھبەرلىكتىن ئىبارەت بۇ يادرودا چىڭ تۇرۇپ، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنىڭ توغرا سىياسىي يۆنىلىشىنى ياخشى ئىگىلەپ، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىگە سىياسىي، ئومۇمىيلىق، ئىستراتېگىيىلىك يۈكسەكلىكتە تۇرۇپ ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك. ئومۇملۇقنى ئىگىلەپ، مۇناسىۋەتنى ماسلاشتۇرۇشقا ماھىر بولۇپ، كۈچنى ئۇيۇشتۇرۇپ، ھەر قايسى تەرەپلەرنىڭ ئاكتىپلىقىنى ئىشقا سېلىپ، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ئۆز ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشى ئۈچۈن ياخشى تاشقى مۇھىت يارىتىپ بېرىشى كېرەك. خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى مۇھىم ئىشلار كۈنتەرتىپىگە قويۇپ، خ ق دائىمىي كومىتېتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى قەرەللىك ئاڭلاپ، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىدىكى چوڭ - چوڭ مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا مۇھاكىمە قىلىپ ھەل قىلىشى كېرەك. ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار يىلدا ئاز دېگەندە بىر قېتىم خ ق دائىمىي كومىتېتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلىشى كېرەك. خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى بىلەن پارتگۇرۇپپا شۇجىسىنى ئايرىپ ۋەزىپىگە تەيىنلەش قۇرۇلمىسىنى ساقلاش بىلەن بىرگە، ھەر دەرىجىلىك پارتكوملارنىڭ شۇجى ياكى مۇئاۋىن شۇجىلىرى شۇ

دەرىجىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ مۇدىرلىقىنى ياكى پارتگورۇپپىنىڭ شۇجىلىقىنى ئۈستىگە ئالسا بولىدۇ؛ خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ پارتكومىنىڭ مۇددىئاسىنى ۋاقتىدا ئىگىلەپ، خىزمەتلەرنى تېخىمۇ ياخشى قانات يايدۇرۇشقا پايدىلىق بولسۇن ئۈچۈن، تەڭ دەرىجىلىك پارتكوم رەھبەرلىك بەنزىسىدە ۋەزىپىسى بولمىغان خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ياكى خىزمەتكە رىياسەتچىلىك قىلىۋاتقان مۇئاۋىن مۇدىرى پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ يىغىنىغا سىرتتىن قاتناشسا بولىدۇ. خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ يەرلىك نىزام تۈزۈش، چوڭ - چوڭ ئىشلارنى قاراپ چىقىپ بېكىتىش ئىشىدا فاڭجېن، پرىنسىپ جەھەتتىن كۆپرەك مۇھاكىمە قىلىش، كۆپرەك يولىيورۇق بېرىش، ئۆتكەلنى كۆپرەك ئىگىلەش كېرەك. پارتىيىنىڭ تەشەببۇسىنى يەرلىك دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگىنىنىڭ قانۇنىي تەرتىپى ئارقىلىق دۆلەتنىڭ ئىرادىسىگە ئايلاندۇرۇشقا، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھەرىكەت قېلىپى ۋە ئورتاق ھەرىكىتىگە ئايلاندۇرۇشقا ماھىر بولۇش كېرەك. ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردا بەلگىلەنگەنلىرىدە، ئۆز مەمۇرىي رايونىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتى جەھەتتىكى چوڭ - چوڭ ئىشلىرىدا، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ جانجان مەنپەئىتىگە چېتىلىدىغان ۋە ئۇلار جىددىي ھەل قىلىشنى تەلەپ قىلىۋاتقان چوڭ - چوڭ مەسىلىلەردە، ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار تەڭ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇلارنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ قانۇن بويىچە ھوقۇق يۈرگۈزۈشىنى قوللىشى، چىقارغان قارار، بېكىتمە، چاقىرىقلىرىنى بارلىق كومپارتىيە ئەزالىرىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە تەشكىللىشى كېرەك. پارتىيىنىڭ كادىر باشقۇرۇشى بىلەن خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ كادىرلارنى قانۇن بويىچە ۋەزىپىگە تەيىنلىشىنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىپ، ھەم پارتىيىنىڭ باشقۇرۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش، ھەم خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ كادىرلارنى قانۇن بويىچە ۋەزىپىگە تەيىنلەش ۋە ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشىنى قوللاش كېرەك.

خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى ۋە خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى تەشۋىقاتىغا ئەھمىيەت بېرىش ۋە ئۇنى كۈچەيتىش كېرەك. خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى ۋە خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى تەشۋىق قىلىش پارتىيىنىڭ تەشۋىقات خىزمىتىنىڭ مۇھىم تەركىبى. ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى، دېموكراتىيە - قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى ۋە خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى تەشۋىقاتىنى پارتكوم تەشۋىقات خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي ئورۇنلاشتۇرۇشىغا كىرگۈزۈشى كېرەك. ئاخبارات ئورۇنلىرى كونكرېت تەشۋىقات، خەۋەر بېرىش پىلانىنى تۈزۈشى ۋە ئۇنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشى كېرەك. دېڭ شياۋپىڭنىڭ دېموكراتىيە - قانۇنچىلىق ئىدىيىسىنى، خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنىڭ ئەۋزەللىكىنى، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنىڭ مۇھىم ئورنى ۋە رولىنى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ دېموكراتىيە - قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىدا قولغا كەلتۈرۈلگەن مۇۋەپپەقىيەت ۋە تەجرىبىلەرنى تەشۋىق قىلىش، 4 - بەش يىللىق قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش پائالىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارنى ياخشى تەشۋىق قىلىش كېرەك، ئاجايىپ ئۈنۈملۈك خىزمەتلەر ئارقىلىق خەلق ئاممىسىنىڭ دېموكراتىيە - قانۇنچىلىق ئېڭى، خوجايىنلىق مەسئۇلىيەتچانلىقىنى ئاشۇرۇپ، خەلق ئاممىسىنىڭ قانۇن ساپاسىنى ئۆستۈرۈپ، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش ئىستراتېگىيىسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش سۈرئىتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن پۇختا ئاساس سېلىش كېرەك.

خەلق قۇرۇلتىيى قۇرۇلۇشىغا كۆڭۈل بۆلۈپ، يەرلىك دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگانلىرىنىڭ قانۇن بويىچە ئۆز ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشىگە شارائىت يارىتىپ بېرىش كېرەك. يېڭى دەۋردە خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى دۇچ كەلگەن ئېغىر ۋەزىپىلەرگە ئۇيغۇنلىشىپ، ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ ۋەكىل قۇرۇلمىسىنى تەدرىجىي ياخشىلاپ، ۋەكىللەرنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. خەلق قۇرۇلتى-

يىنىڭ نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمىغا بىرلەشتۈرۈپ، ۋەكىللەرنىڭ ياش، بىلىم قۇرۇلمىسىنى يەنىمۇ سەرخىللاشتۇرۇش كېرەك، خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى نامزاتىنى كۆرسەتكەندە، چوقۇم ۋەكىللەرنىڭ سىياسىي، كەسپىي ساپاسى ۋە ئىشلارنى قاراپ چىقىش ئىقتىدارىغا ئەھمىيەت بېرىپ، ۋەكىللەرنىڭ كەڭ دائىرىلىكلىكى بىلەن ئىلغارلىقلىقىنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈپ، سىياسىي جەھەتتە قەتئىي، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان، ئاما ھىمايە قىلىدىغانلارنى ۋەكىل قىلىپ سايلاش كېرەك. خ ق دائىمىي كومىتېتى تەركىبىدىكىلەرنى سەپلىگەندە، ھەم مەلۇم ساندا مول تەجرىبىلىك پېشقەدەم يولداشلارنىڭ بولۇشىغا، ھەم خېلى زور نىسبەتتە قاۋۇل، ئوتتۇرا ياش، ياش يولداشلارنىڭ بولۇشىغا دىققەت قىلىپ، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنىڭ ئىزچىللىقى ۋە مۇقىملىقىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. بەزى يەرلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى ئاپپاراتىنىڭ تەسىس قىلىنىشى قېلىپلاشماسلىق ۋە خادىم شتاتى ئاز بولۇش مەسىلىسىنى ھەقىقىي تۈردە ياخشى ھەل قىلىپ، تەشكىلىي جەھەتتىن ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇلارنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ ئۆز ھوقۇقىنى ياخشى يۈرگۈزۈشىگە كاپالەتلىك قىلىپ، خىزمەتنىڭ نورمال ئىشلىنىشىگە كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. ئاپپارات ئىسلاھاتىدا ئاز ساندىكى ناھىيىلىك، شەھەرلىك، رايونلۇق خەلق قۇرۇلتايلىرىدا خادىم شتاتى كۆرۈنەرلىك ئاز بولغانلىقى كۆزدە تۇتۇلۇپ، پرىنسىپ جەھەتتىن قىسقارتىش ئېلىپ بېرىلمايدۇ، خ ق دائىمىي كومىتېتى ئورگىنىنىڭ كادىرلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىغا ئەھمىيەت بېرىپ ۋە ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلۈپ، خ ق دائىمىي كومىتېتى ئورگىنى كادىرلىرىنى سەپلەش، يېتىشتۈرۈش، تاللاپ ئۆستۈرۈشنى پارتكومنىڭ كادىرلار قوشۇنى قۇرۇلۇشى ئومۇمىي پىلانىغا كىرگۈزۈپ، بىر تۇتاش ئويلىشىش كېرەك. سىياسىي جەھەتتە كۈچلۈك، پاك ـ دىيانەتلىك، ئاما ئېتىراپ قىلىدىغان، بەلگىلىك كەسپىي سەۋىيىگە ئىگە بەزى كادىرلارنى تاللاپ، خ ق دائىمىي كومىتېتى ئورگىنىنى تولۇقلاش كېرەك. خ ق دائىمىي كومىتېتى ئورگىنى كادىرلىرى بىلەن پارتكوم، ھۆكۈمەت كادىرلىرىنى ئۆزئارا ئالماشتۇرۇشنى پىلانلىق ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. خ ق دائىمىي كومىتېتى ئورگىنىنىڭ شەرتكە ئۇيغۇن كېلىدىغان كادىرلىرىنى ۋاقتىدا ئۆستۈرۈپ ئىشقا قويۇش كېرەك، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، كادىرلارنى ئالماشتۇرۇش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، خ ق دائىمىي كومىتېتى ئورگىنى خىزمىتىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئاشۇرۇش كېرەك، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى ۋە قۇرۇلۇشىدىكى ئەمەلىي قىيىنچىلىقلارنى داۋاملىق ئەستايىدىل ھەل قىلىش كېرەك، ھەر دەرىجىلىك مالىيە خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىگە كېرەكلىك خىراجەتكە كاپالەتلىك قىلىشى ھەمدە ئىشخانا بىناسى، ماشىنا، ئىشخانىنى ئاپتوماتلاشتۇرۇش جەھەتتە خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئورگىنىنىڭ خىزمەت شارائىتىنى ياخشىلىشىغا ياردەم بېرىشى كېرەك.

خ ق دائىمىي كومىتېتى پارتگورۇپپىسى، خ ق دائىمىي كومىتېتى تەشكىلاتى ۋە خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ئارىسىدىكى كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ نەمۇنىلىك، باشلامچىلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇش كېرەك. پارتىيىۋىلىك قارىشىنى كۈچەيتىپ، پارتىيە رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش ۋە پارتىيە رەھبەرلىكىگە تايىنىش خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىدە رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك توپ سىياسىي پرىنسىپ. پارتىيە 15 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 6 ـ ئومۇمىي يىغىنىدا «ھەر دەرىجىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتلىرى، خەلق ھۆكۈمەتلىرى، سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشلىرى، خەلق تەشكىلاتلىرى ۋە باشقا تەشكىلاتلاردىكى پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە پارتىيىلىك كادىرلار پارتىيىۋىلىك قارىشىنى كۈچەيتىپ، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرى ۋە پارتكومنىڭ قارارىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇشى كېرەك» دەپ كۆرسىتىلدى. خ ق دائىمىي كومىتېتى پارتگورۇپپىسى تەڭ دەرىجىلىك پارتكومنىڭ ۋاكالەت تەشكىلاتى بولۇپ، ئۇ پارتكوم ئالدىدا جاۋابكار بولىدۇ، پارتكومنىڭ قارارىنى ئىجرا قىلىدۇ، پارتكومنىڭ مۇددىئاسىنى ئىزچىللاشتۇرىدۇ ھەمدە پارتىيە سىرتىدىكى ئەزالار بىلەن ھەمكارلىشىشقا ماھىر بولۇپ، پارتىيە تاپشۇرغان تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى تىرىشىپ ئورۇندايدۇ،

خ ق دائىمىي كومىتېتى پارتگورۇپپىسىدىكى، خ ق دائىمىي كومىتېتى تەركىبىدىكى خادىملار ۋە ۋەكىللەر ئارىسىدىكى كومپارتىيە ئەزالىرى پارتىيىۋىلىكنى كۈچەيتىپ، پارتىيە ئىنتىزامىغا ئاڭلىق رىئايە قىلىپ، پارتكومنىڭ مۇددىئاسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، باشلامچىلىق بىلەن قانۇن بويىچە ئىش كۆرۈپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ئىرادىسىنى توغرا ئەكس ئەتتۈرۈپ، ئۆزىنىڭ دېموكراتىيە هوقۇقىنى توغرا يۈرگۈزۈشى كېرەك. پارتىيىنىڭ تەشەببۇسى ۋە مۇددىئاسىنى باشلامچىلىق بىلەن تەشۋىق قىلىپ، پارتىيىنىڭ تەدبىرى ۋە قارارىنى باشلامچىلىق بىلەن ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ نەمۇنىلىك هەرىكىتى ئارقىلىق باشقا يولداشلارغا تۈرتكە بولۇشى ۋە تەسىر كۆرسىتىشى كېرەك. هەر قانداق ۋاقىت، هەر قانداق ئەهۋالدا پارتىيىۋىلىككە، ئومۇميىلىققا ئەهمىيەت بېرىپ، هەممىدە پارتىيە ۋە خەلقنىڭ تۈپ مەنپەئىتىنى چىقىش قىلىپ، ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ، ئۆزىنىڭ كومپارتىيە ئەزاسىلىق شەرەپلىك نامىنى ئىنتايىن قەدىرلىشى كېرەك. پارتىيە ئەزالىرىنىڭ نەمۇنىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇش ئارقىلىق، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىدە ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇلۇشى ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشىگە كاپالەتلىك قىلىشى لازىم.

ئاپتونوم رايونلۇق 8 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 5 ـ يىغىنى ئېچىلىش ئالدىدا تۇرىدۇ، يىغىنغا قاتنىشىدىغان پارتىيىلىك ۋەكىللەر ۋە پارتىيىلىك رەھبىرىي كادىرلار ئۆز رولىنى هەقىقىي تۈردە ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، مەسئۇلىيىتىنى ئاڭلىق هالدا ياخشى ئادا قىلىپ، يىغىن ۋەزىپىلىرىنىڭ تولۇق ئورۇندىلىشىغا هەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. بىرىنچىدىن، ۋەزىيەتنى ئېنىق تونۇپ، ئومۇميىلىقنى ئىگىلەپ، «هۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات» ۋە خ ق دائىمىي كومىتېتى، ئىككى مەهكىمىنىڭ «خىزمەت دوكلاتى» نى ئەستايىدىل ياخشى قاراپ چىقىشى كېرەك. بارلىق ۋەكىللەرنى ئىدىيىۋى تونۇشنى مەركىزىي كومىتېتنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرى ئاساسىدا، مەركىزىي كومىتېت ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىيەت ئۈستىدىكى تەھلىل ئاساسىدا، بۇ يىللىق ۋە 10 ـ بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكى نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئاساسىدا بىرلىككە كەلتۈرۈش كېرەك. ئىككىنچىدىن، دېموكراتىيە ـ مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، ۋەكىللەرنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىنى كەڭ كۆلەمدە مەركەزلەشتۈرۈش لازىم. دېموكراتىيىنى باشلامچىلىق بىلەن جارى قىلدۇرۇپ، ۋەكىللەرنى هەقىقىي گەپ قىلىش، راست گەپ قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈپ ۋە يېتەكلەپ، ئاممىنىڭ پىكرى ۋە ساداسىنى تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈپ، ۋەكىللەرنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، يىغىندا ماقۇللانغان تۈرلۈك قارارلاردا هەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق ئىرادىسىنى هەقىقىي گەۋدىلەندۈرۈش كېرەك. ئۈچىنچىدىن، يىغىننىڭ تۈرلۈك ئىنتىزاملىرىغا قاتتىق رىئايە قىلىپ، زېھنى كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ، يىغىننى پۈتۈن زېھىن بىلەن ياخشى ئېچىش لازىم.

يولداشلار، خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى دۆلىتىمىزنىڭ تۈپ سىياسىي تۈزۈمى بولۇپ، جۇڭگو زېمىنىدا چوڭقۇر يىلتىز تارتتى. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئىشلىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئىلگىرى سۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ، هەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ زىممىسىگە تېخىمۇ شەرەپلىك ۋە مۇشكۇل ۋەزىپە يۈكلەنمەكتە. هەممىلەن يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشۇپ، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈپ، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش ئىستراتېگىيىسىنى پائال ئىزچىللاشتۇرۇپ، سوتسىيالىستىك دېموكراتىك سىياسىينى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرۈپ، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى تىرىشىپ يېڭى باسقۇچقا كۆتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا ئۈزلۈكسىز يېڭى غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرەيلى.

# ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەمۇرىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈش سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلەيلى

—ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆز

2002 - يىل 1 - ئاينىڭ 14 - كۈنى

ئابلەت ئابدۇرېشىت



ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 5 - يىغىنى ئېچىلىش ئالدىدا، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بۇ قېتىمقى خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى يىغىنىنى چاقىرىپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى تولۇق نامايان قىلدى. تۈنۈگۈن شۆجى ۋاڭ لېچۈەن خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى يەنىمۇ ياخشىلاش ۋە كۈچەيتىش، ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ خىزمىتىنى كۈچەيتىش قاتارلىق مەسىلىلەر توغرىسىدا مۇھىم سۆز قىلدى. يىغىنغا قاتناشقان ۋەكىللەر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ « خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش توغرىسىدىكى قارار » نى ئەستايىدىل ئۆگەندى. بىر دەمدىن كېيىن، مۇدىر ھامىدىن نىياز خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا سۆز قىلىدۇ. بۇ قېتىمقى يىغىن پارتىيىلىك كادىرلارنىڭ تونۇشىنى ئۆستۈرۈپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئىلگىرى سۈرۈپ، ئاپتونوم رايونىمىزنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش قەدىمىنى تېزلىتىشتە مۇھىم يېتەكچى ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتى قۇرۇلغاندىن بۇيان، بولۇپمۇ 1986 - يىلى 10 - ئايدا ئېچىلغان ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى يىغىنىدىن كېيىن، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى پارتكومنىڭ رەھبەرلىكىدە، ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىققا كاپالەتلىك قىلىشنى باشتىن - ئاخىرى ئۆزىنىڭ خىزمەت مەسئۇلىيىتى دەپ تونۇپ، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنى

تۈپ ۋەزىپىسى قاتارىدا تۇتۇپ، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردا ئىرادىسىگە سادىقلىق بىلەن ۋەكىللىك قىلىپ، دەۋر تەلىپىنى توغرا ئەكس ئەتتۈرۈپ، پائال ئىزدىنىپ ۋە ئىزچىل ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈپ، نۇرغۇن ئۈنۈملۈك خىزمەتلەرنى ئىشلەپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنى ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئىجتىمائىي، سىياسىي مۇقىملىقنى قوغداش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، جەمئىيەتنى ئومۇميۈزلۈك يۈكسەلدۈرۈش ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم تۆھپە قوشۇپ، دۆلەتنىڭ ھوقۇقلۇق ئورگىنىغا خاس رولىنى جارى قىلدۇردى.

كۆپ يىللاردىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرى قانۇندىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى قەرەللىك ئاڭلاپ، ھۆكۈمەتنىڭ ئاساسىي قانۇن، قانۇنلار، نىزاملار ۋە خەلق قۇرۇلتىيى چىقارغان قارارلارنى ئىجرا قىلىشىغا پائال ھەيدەكچىلىك قىلىپ ۋە ئۇنى تەكشۈرۈپ، ھۆكۈمەتنىڭ تەدبىر بەلگىلەش ئىشىنى قانۇنلاشتۇرۇش، دېموكراتىيىلەشتۈرۈش ۋە ئىلمىيلاشتۇرۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشى، ھۆكۈمەت خىزمىتىنى ياخشىلاپ، ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشى ئۈچۈن پايدىلىق شارائىت يارىتىپ، ھۆكۈمەت خىزمىتىنى كۈچلۈك قوللىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نازارىتىنى ئاڭلىق قوبۇل قىلىپ، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا خىزمىتىدىن تەشەببۇسكارلىق بىلەن دوكلات بېرىپ، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈش، كۆزدىن كەچۈرۈش ۋە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشىغا پائال ھەمكارلىشىپ، ۋەكىللەرگە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىدىكى مۇھىم خىزمەتلەرنى قەرەللىك ئۇقتۇرۇپ، ۋەكىللەر ئىنكاس قىلغان مەسىلىلەرنى ئىزچىل ھەل قىلدى. بۇ، خەلق قۇرۇلتىيى بىلەن خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ خىزمەتلەرنى بىرلىكتە ھەمكارلىشىپ ئىشلەپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ دېموكراتىيە - قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى، ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىق ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە پائال رول ئوينىدى. بۇ يەردە مەن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىگە ۋاكالىتەن، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇنىڭ بارلىق خىزمەتچى خادىملىرىغا چىن قەلبىمدىن رەھمەت ئېيتىمەن!

تۆۋەندە مەن خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلەپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەمۇرىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش ھەققىدىكى بىر قانچە پىكرىمنى ئوتتۇرىغا قويىمەن:

**1. خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىگە بولغان تونۇشنى ئۆستۈرۈپ، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلەپ، ئاپتونوم رايوننى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنى ئومۇميۈزلۈك تېزلىتىش لازىم**

خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى دۆلىتىمىزنىڭ تۈپ سىياسىي تۈزۈمى بولۇپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئۇزاق مۇددەتلىك ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش جەريانىدا، ماركسىزملىق دۆلەت تەلىماتى ۋە جۇڭگونىڭ دۆلەت ئەھۋالىنى بىرلەشتۈرۈپ، خەلق ھاكىمىيىتى قۇرۇلۇشىدىكى تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەش ئارقىلىق، دۆلىتىمىزنىڭ خەلق دېموكراتىيىسى - دىكتاتۇرىلىقىدىكى دۆلەت ماھىيىتىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇپ ئوتتۇرىغا چىقارغان ئەڭ ياخشى ھاكىمىيەت تەشكىلىي شەكلى ھېسابلىنىدۇ. كۆپ يىللاردىن بۇيان، بولۇپمۇ پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ ۋە مۇكەممەللىشىپ، پارتىيىمىزنىڭ دۆلەت ئىشلىرىغا رەھبەرلىك قىلىشتىكى چوڭ ئۆزگىچىلىكى ۋە ئۈستۈنلۈكى بولۇپ قالدى. ئىسلاھات،

ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنىڭ چوڭقۇرلىشىشى ۋە سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ـ قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنىڭ ئۈزلۈكسىز راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتى دۆلەت ئىشلىرى ۋە ئىجتىمائىي ئىشلاردا بارغانسېرى مۇھىم رول ئوينىماقتا.

ھازىر دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش ئىشلىرى يېڭى تارىخىي دەۋرگە قەدەم قويدى. پارتىيە 15 ـ قۇرۇلتىيىدا «دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش، قانۇن ئىدارە قىلىدىغان سوتسىيالىستىك دۆلەت قۇرۇش» نىشانى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلدى. خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى كۈچەيتىش — سوتسىيالىستىك دېموكراتىك سىياسىينى راۋاجلاندۇرۇپ، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ مۇقەررەر تەلىپى، شۇنداقلا ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە جەمئىيەتنى ئومۇميۈزلۈك يۈكسەلدۈرۈشنىڭ مۇقەررەر تەلىپى. ئاپتونوم رايوننى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش ئىستراتېگىيىسىنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كونكرېت نامايەندىسى بولۇپ، ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇلارنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرى ئاپتونوم رايوننى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنى ئىلگىرى سۈرۈش، سوتسىيالىستىك دېموكراتىك سىياسىينى راۋاجلاندۇرۇش، ئىجتىمائىي ـ سىياسىي مۇقىملىقنى ساقلاش، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرىنىڭ ئومۇميۈزلۈك تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئېغىر ۋەزىپە ۋە شەرەپلىك بۇرچنى زىممىسىگە ئېلىپ، ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ. شۇڭا، بارلىق پارتىيىلىك كادىرلار، ھەر دەرىجىلىك دۆلەت ئورگىنى خىزمەتچىلىرى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇلارنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ خىزمىتىنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىنى دۆلەتنىڭ تۈپ سىياسىي تۈزۈمى ۋە خەلقنىڭ دېموكراتىك ھوقۇقىنى قوغداش يۈكسەكلىكىدە چوڭقۇر تونۇپ، خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىدە ئاڭلىق چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى قوغداپ، خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ قانۇنىي ئورنىغا ھۆرمەت قىلىپ، خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمىتىنى ئىجادىي قانات يايدۇرۇشنى قوللىشى لازىم. ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇلارنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرى سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىۋاتقان، دۆلىتىمىز دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا كىرگەن يېڭى ۋەزىيەتتە تەشەببۇسكارلىق بىلەن ماسلىشىپ، يەرلىك قانۇن چىقىرىش ۋە قانۇن نازارەتچىلىكىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، قانۇندا بېرىلگەن تۈرلۈك خىزمەت ھوقۇقلىرىنى ياخشى ئادا قىلىشى؛ تەجرىبىلەرنى ئەستايىدىل يەكۈنلەپ، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ يولى ۋە چارىسى ئۈستىدە ئىزدىنىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تۈرلۈك ئىشلىرىنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنى داۋاملىق ئىلگىرى سۈرۈپ، ئاپتونوم رايوننى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش ۋە سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى سەۋىيىسىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش، غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇشنى تېزلىتىش ئۈچۈن ياخشى شارائىت يارىتىشى لازىم.

**2. ھۆكۈمەتنىڭ قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى ئومۇميۈزلۈك ئىلگىرى سۈرۈپ، مەمۇرىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈش سەۋىيىسىنى ھەقىقىي ئۆستۈرۈش لازىم**

مەمۇرىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈش — دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش تۈپ تەدبىرىنىڭ يادروسى، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، خەلقنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداشنىڭ تۈپ كاپالىتى، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئوبيېكتىپ تەلىپى، شۇنداقلا ھۆكۈمەت ئىشلىرىنى قاتتىق باشقۇرۇپ، پاك، تىرىشچان، ئەمەلىيەتچىل، يۇقىرى

ئۈنۈملۈك ھۆكۈمەت قۇرۇشنىڭ ئوبيېكتىپ تەلىپىدۇر.

بىر قانچە يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ رەھبەرلىكىدە، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى ۋە جەمئىيەتتىكى ساھەلەرنىڭ نازارەتچىلىكى، قوللىشى ئارقىسىدا، ھۆكۈمەتنىڭ مەركىزىي خىزمەت ۋەزىپىسىنى زىچ چۆرىدەپ، مەمۇرىي نىزام چىقىرىش خىزمىتىنى تېزلىتىش، مەمۇرىي قانۇن ئىجراسىغا بولغان نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىش، مەمۇرىي جەھەتتىن قايتا قاراپ چىقىش بويىچە دەۋا قوبۇل قىلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ۋە قانۇنچىلىق تەشۋىق - تەربىيىسىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلەپ، كۆرۈنەرلىك نەتىجىگە ئېرىشتى. 1995 - يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى خەلق قۇرۇلتىيىغا يەرلىك نىزام لايىھىسىدىن 62 پارچە، ھۆكۈمەت قائىدە - نىزامىدىن 71 پارچىنى سۇندى، ئۈرۈمچى شەھىرى ۋە باشقا ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك، ناھىيىلىك (شەھەرلىك) خەلق ھۆكۈمەتلىرى ھەمدە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تارماقلىرىمۇ بىر قاتار قائىدە - نىزام ۋە قېلىپلاشقان ھۆججەتلەرنى تۈزۈپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە پائال رول ئوينىدى. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ۋىلايەت، ئوبلاست، ناھىيە ۋە تارماقلارنىڭ ھەممىسى ئۆز ئورنىنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇپ، پارتكوم رەھبەرلىك قىلىدىغان، ھۆكۈمەت يولغا قويىدىغان، جەمئىيەتتىكى ساھەلەر قاتنىشىدىغان قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش خىزمەت ئەندىزىسىنى شەكىللەندۈردى. ھازىر، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 15 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەردىكى 70% ناھىيە (شەھەر، رايون)، 41% يېزا (بازار) ۋە 66% مەمۇرىي كەنتتە قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى. 95% كەسپىي قانۇن مەسئۇل تارمىقى ئۆز ساھەسى، ئۆز سىستېمىسىدا مەخسۇس تۈردىكى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش پائالىيىتىنى يولغا قويۇپ، ئۇنى پەيدىنپەي تۈزۈملەشتۈردى ۋە قېلىپلاشتۇردى. ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى قايتا قاراپ چىقىش بويىچە دەۋا قوبۇل قىلىش خىزمىتىگە ئەھمىيەت بېرىپ ۋە ئۇنى كۈچەيتىپ، بىر تۈركۈم مەمۇرىي جەھەتتىن قايتا قاراپ چىقىش دېلوسى ۋە مەمۇرىي تۆلەم دېلولىرىنى قانۇن بويىچە قوبۇل قىلىپ، مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىش خىزمىتىنى ياخشىلاش، مەمۇرىي ئورگانلارنىڭ نوپۇزىنى قوغداش، دەۋاگەرنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداش، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى ساقلاش جەھەتلەردە پائال رول ئوينىدى. 3 - بەش يىللىق قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش پائالىيىتى ئارقىلىق، مەمۇرىي ئورگانلاردىكى خىزمەتچى خادىملارنىڭ قانۇن - تۈزۈم قارىشى يەنىمۇ ئۆسۈپ، مەمۇرىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈش ئاڭلىقلىقى كۈچەيتىلدى. ئومۇمەن ئېيتقاندا، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەردىكى خىزمەتچى خادىملارنىڭ مەمۇرىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈشنىڭ مۇھىملىقىغا بولغان تونۇشى ئېنىق بولۇپ، خىزمىتى ئىجادىي ھەم ئۈنۈملۈك بولدى. ئەمما ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى تەلىپىدىن ۋە ئاپتونوم رايوننى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش نىشانىدىن قارىغاندا، خىزمەتلىرىمىزدە پەرق ۋە يېتەرسىزلىكلەر يەنىلا مەۋجۇت. بۇنىڭدىن كېيىن ھۆكۈمەتنىڭ قانۇن چىقىرىش خىزمىتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، قانۇن چىقىرىش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىش تۈزۈمىنى داۋاملىق مۇكەممەللەشتۈرۈپ، مەمۇرىي ھەرىكەتنى تەرتىپكە سېلىپ، قېلىپلاشتۇرۇپ ۋە قانۇن - تۈزۈم ئىزىغا سېلىپ، مەمۇرىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈش، قانۇن بويىچە باشقۇرۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشىمىز كېرەك.

بىرىنچى، مەمۇرىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈشكە بولغان تونۇشنى ھەقىقىي ئۆستۈرۈش لازىم.

مەمۇرىي ئورگانلار دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگىنىنىڭ ئىجرائىيە ئورگىنى بولۇپ، قانۇن، نىزاملار مەمۇرىي ئورگانلار ئارقىلىق ئىجرا قىلىنىدۇ. ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر ۋە ئۇنىڭ خىزمەت تارماقلىرىنىڭ دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش توپ تەدبىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇشتا مۇھىم مەسئۇلىيىتى بار. دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش ئەڭ ئاساسىي تەلەپ ھېسابىدا ھۆكۈمەت ئورگىنى ۋە ھۆكۈمەت خىزمەتچىلىرىدىن مەمۇرىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈش ۋە قانۇن بويىچە ئىش بېجىرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. مەمۇرىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈش — پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، خەلق مەنپەئىتىنى قوغداشنىڭ توپ كاپالىتى. بىزنىڭ ھۆكۈمىتىمىز خەلقنىڭ ھۆكۈمىتى، جان ـ دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ توپ مەقسىتى. ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلار، نىزاملار بولسا پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرى بىلەن خەلق مەنپەئىتىنىڭ يۈكسەك بىردەكلىكى ۋە مەركەزلىك نامايەندىسىدۇر. شۇڭا، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر ۋە ھۆكۈمەت خىزمەتچىلىرى دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش توپ تەدبىرىنى سوتسىيالىستىك دۆلەت ھاكىمىيىتىنى قوغداش، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش، ھۆكۈمەت بىلەن خەلق ئاممىسىنىڭ مۇناسىۋىتىنى قويۇقلاشتۇرۇش يۈكسەكلىكىدە تونۇپ ۋە ئىزچىللاشتۇرۇپ، مەمۇرىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈشنىڭ مۇھىملىقى ۋە تەخىرسىزلىكىنى ئومۇميۈزلۈك كۈچەيتىشى لازىم. مەمۇرىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈشنى ئومۇمىيلىقتا مۇناسىۋەتلىك بولغان ئۇزاق مۇددەتلىك ئىش قاتارىدا چىڭ تۇتۇپ، ھۆكۈمەت خىزمىتىدىكى مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ، مەمۇرىي ھەرىكەتنىڭ ھەر قايسى تەرەپلىرى، ھەر قايسى ھالقىلىرىغىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈش لازىم. دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش، مەمۇرىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈش تەلىپىگە ئاساسەن، قاراشنى، خىزمەت فۇنكسىيىسىنى، خىزمەت ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىپ، مەمۇرىي ھەرىكەتنى قانۇن ـ تۈزۈم ئىزىغا سېلىش لازىم.

ئىككىنچى، مەمۇرىي قانۇن چىقىرىش خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش لازىم. دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، مەمۇرىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈشنى ئومۇميۈزلۈك ئىلگىرى سۈرۈشتە قانۇن چىقىرىش ئالدىنقى شەرت ھېسابلىنىدۇ. يەرلىك مەمۇرىي نىزام چىقىرىش يەرلىك قانۇن چىقىرىشنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، شۇنداقلا يەرلىك نىزامنىڭ ئاساسىدۇر. ھۆكۈمەتنىڭ قانۇن چىقىرىش خىزمىتىدە «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» ئىدىيىسىنى مۇھىم يېتەكچى قىلىپ، دۆلەت قانۇن ـ تۈزۈملىرىنىڭ بىردەكلىكىنى قوغداش شەرتى ئاستىدا، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە ئۇنى قوغداش، ئىلغار مەدەنىيەت ۋە مۇنەۋۋەر مىللىي مەدەنىيەت تەرەققىياتىنى تېزلىتىش، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ توپ مەنپەئىتىنى قوغداش، ئىجتىمائىي مۇقىملىققا كاپالەتلىك قىلىشنى مەقسەت قىلىپ، پىشىپ يېتىلگەن قانۇن چىقىرىش تەجرىبىلىرىنى پائال قوبۇل قىلىپ ۋە ئۆرنەك قىلىپ، مەمۇرىي نىزام چىقىرىش قەدىمىنى تېزلىتىپ، قانۇن چىقىرىش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش لازىم. يەرلىك قانۇن، نىزام لايىھىسىنى تەييارلاش ۋە ھۆكۈمەت قائىدە ـ نىزاملىرىنى تۈزۈش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ قانۇن چىقىرىش پىلانىغا كىرگۈزگەن يەرلىك قانۇن، نىزاملارنى كۈچ تەشكىللەپ ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، ماسلىشىشنى كۈچەيتىپ، خ ق دائىمىي كومىتېتىغا قانۇن، نىزام لايىھىسىنى تەلەپ بويىچە ۋاقتىدا سۇنۇش كېرەك، مەمۇرىي قائىدە ـ نىزاملارنى ئېلان قىلىش بىلەن بىرگە، تەڭ دەرىجىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتلىرىغا ۋاقتىدا ئەنگە ئالدۇرۇپ، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ تەكشۈرۈشى ۋە نازارەتچىلىكىنى قوبۇل قىلىش لازىم. يېڭى ۋەزىيەت، يېڭى ۋەزىپىلەرنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدە ھۆكۈمەتنىڭ مەمۇرىي نىزام چىقىرىش خىزمىتىدە تۆۋەندىكى ئىككى تەرەپكە ئەھمىيەت بېرىش لازىم. بىرىنچىدىن،

شىنجاڭنى ئېچىش، تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئالاقىدار قانۇنلارنى تۈزۈش خىزمىتىنى كۈچەيتىش لازىم. غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە شىنجاڭنى ئېچىش، تەرەققىي قىلدۇرۇش جەھەتلەردىكى مەمۇرىي قائىدە ـ نىزاملارنى تۈزۈشنى چىڭ تۇتۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزدا سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تەلىپىگە ماس كېلىدىغان ھاياتىي كۈچكە تولغان تەرەققىيات مېخانىزمى ۋە ياخشى ئىجتىمائىي مۇھىت يارىتىشنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم. يېڭى ئىگىلىك قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش، ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشى، يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق كەسىپلەر تەرەققىياتى، زامانىۋى كارخانا تۈزۈمى ئورنىتىش، ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە ئۇلاردىن پايدىلىنىش، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى قوغداش، مائارىپ، سەھىيە تۈزۈلمە ئىسلاھاتى، ئىجتىمائىي، سىياسىي مۇقىملىقتا كاپالەتلىك قىلىش قاتارلىق جەھەتلەردىكى قانۇن، نىزاملارنى نۇقتىلىق تەتقىق قىلىپ ۋە تەييارلاپ، غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشتا ئۇيغۇن كەلمەيدىغان ئەسلىدىكى قانۇن، نىزاملارنى ئېنىقلاپ، تۈزىتىش كىرگۈزۈشكە تېگىشلىكلىرىگە تۈزىتىش كىرگۈزۈش، ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا تېگىشلىكلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش كېرەك. ئىككىنچىدىن، دۇنيا سودا تەشكىلاتىنىڭ قائىدىلىرى ۋە ئۇنىڭغا كىرىش تەلەپلىرىگە ئالاقىدار قانۇنلارنى چىقىرىشنى چىڭ تۇتۇش لازىم. دۆلىتىمىزنىڭ دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا كىرگەندىن كېيىنكى خىزمەتلىرىگە ماسلىشىپ، ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ يەرلىك قانۇن، نىزاملارنى ئېنىقلىشىغا ھەمكارلىشىپ، يەرلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ قائىدە ـ نىزاملىرى ۋە باشقا سىياسەت خاراكتېرلىك ھۆججەتلەرنى ئېنىقلاش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، ئالاقىدار قانۇن، نىزاملارنى تۈزىتىش ۋە چىقىرىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، قانۇن، نىزام، قائىدىلەرنىڭ ۋە باشقا سىياسەت خاراكتېرلىك ھۆججەتلەرنىڭ دۇنيا سودا تەشكىلاتىنىڭ قائىدىسى ۋە دۆلىتىمىزنىڭ بەرگەن ۋەدىسى بىلەن بىردەك بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش لازىم.

ئۈچىنچى، مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىش ھەرىكىتىنى يەنىمۇ قېلىپلاشتۇرۇپ، قانۇن ئىجراسىغا بولغان نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىش لازىم. مەمۇرىي قانۇن ئىجراسىنى چىڭىتىش سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ قانۇن ئىجرا قىلغۇچى تارماق ۋە قانۇن ئىجرا قىلغۇچى خادىملارغا قويغان تۈپ تەلىپى. شۇڭا، مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىش ھەرىكىتىنى قېلىپلاشتۇرۇش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، مەمۇرىي قانۇنلارنى ئىجرا قىلىشقا بولغان نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىشنى بۇنىڭدىن كېيىن مەمۇرىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈشنى ئومۇميۈزلۈك تېزلىتىشنىڭ مۇھىم نۇقتىسى قىلىش كېرەك. «مەمۇرىي جازا قانۇنى» ۋە ئالاقىدار ياندىشما قانۇن، نىزام، قائىدىلەرنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىپ، مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىش تەرتىپىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىش تۈزۈلمىسىنى راۋانلاشتۇرۇپ، مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىش ھەرىكىتىنى قېلىپلاشتۇرۇش كېرەك. مەمۇرىي قانۇن ئىجراسىنى نازارەت قىلىش تۈزۈمىنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈش لازىم. ھەر دەرىجىلىك مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلغۇچى ئورگانلار تەڭ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ نازارىتىنى، قانۇن ئورگانلىرىنىڭ مەمۇرىي دەۋا قانۇنىغا ئاساسەن ئېلىپ بارغان نازارىتىنى، خەلق ئاممىسىنىڭ نازارىتىنى ۋە جامائەت پىكرى نازارىتىنى ئاڭلىق قوبۇل قىلىشى لازىم. مەمۇرىي سىستېمىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى قاتمۇقات نازارەتچىلىك ۋە مەخسۇس نازارەتچىلىكنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، مەمۇرىي ئورگاننىڭ قانۇنغا خىلاپ ياكى نامۇۋاپىق مەمۇرىي ھەرىكەتلىرىنى ۋاقتىدا بايقاپ ۋە تۈزىتىپ، مەمۇرىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك.

تۆتىنچى، ھەر دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ مەمۇرىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈش سەۋىيىسىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈش لازىم. مەمۇرىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈشتە مەسئۇلىيەت ھۆكۈمەتتە، ئاچقۇچ رەھبەرلىكتە. مەمۇرىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈشنى ئومۇميۈزلۈك ئىلگىرى سۈرۈش ئالدى

بىلەن رەھبەرىي كادىرلاردىن مەمۇرىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈشنىڭ مۇھىم ئەھمىيەتكە بولغان تونۇشىنى ئۆستۈرۈپ، مەمۇرىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈشكە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، ئۆز تارمىقى، ئۆز رايونىنىڭ قانۇن بويىچە ئىش كۆرۈشىنى تەكشۈرۈش ۋە نازارەت قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ھەر دەرىجىلىك كادىرلار ئاساسىي قانۇن، قانۇنلار، نىزاملارنى ئاڭلىق ئۆگىنىپ ۋە ئىگىلەپ، قانۇن ئېڭىنى ۋە قانۇن - تۈزۈم قارىشىنى ئاشۇرۇپ، قانۇن بويىچە ئىش كۆرۈش ئىقتىدارى ۋە سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش، مەمۇرىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈش تەلىپىگە ماس كەلمەيدىغان ئەنئەنىۋى قاراش، خىزمەت ئادىتى، خىزمەت ئۇسۇلىنى تۈپتىن ئۆزگەرتىپ، قانۇن بويىچە ئىش كۆرۈشتە باشلامچى بولۇپ، قانۇن بويىچە تەدبىر بەلگىلەپ، مەسىلىلەرنى قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلىشى لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ھۆكۈمەتنىڭ ئاپپارات ئىسلاھاتىغا بىرلەشتۈرۈپ، كادىرلار قوشۇنى قۇرۇلمىسىنى تەڭشەپ ۋە سەرخىللاشتۇرۇپ، كادىرلارنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈشكە كۈچ سەرپ قىلىش كېرەك. مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلغۇچى خادىملارنى قوبۇل قىلىشتا، ئۆلچەمگە قاتتىق ئەمەل قىلىپ، ئادىل رىقابەت ئاساسىدا ياخشىلىرىنى تاللاپ قوبۇل قىلىپ، ئادەم كىرگۈزۈش ئۆتكىلىنى ھەقىقىي چىڭ تۇتۇش لازىم. ھۆكۈمەت خىزمەتچىلىرىگە بولغان تەربىيە ۋە يېتىشتۈرۈشنى داۋاملىق كۈچەيتىپ، ئۇلارغا قانۇننى ئۆگىتىپ، ئۇلارنى قانۇننى بىلىدىغان، چۈشىنىدىغان، مەسىلىلەرنى قانۇن ۋاسىتىسىدىن پايدىلىنىپ ھەل قىلالايدىغان، زىددىيەتنى پەسەيتەلەيدىغان ئىمكانىيەتكە ئىگە قىلىش كېرەك.

**3. خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نازارىتىنى قانۇن بويىچە قوبۇل قىلىپ، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلىشىگە پائال ياردەملىشىش ۋە ھەمكارلىشىش كېرەك**

ئاساسىي قانۇن ۋە يەرلىك تەشكىلىي قانۇن بويىچە ئېيتقاندا، خەلق قۇرۇلتىيى بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ مۇناسىۋىتى دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگىنى بىلەن ئۇنىڭ ئىجرائىيە ئورگىنى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ھەم نازارەت قىلىش بىلەن نازارەت قىلىنىش مۇناسىۋىتىدۇر.

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگانلىرىنىڭ ئىجرائىيە ئورگىنى بولۇش، خەلقنىڭ ھۆكۈمىتى بولۇش سۈپىتى بىلەن، خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ ھەمدە خەلقنىڭ نازارىتىنى ئاڭلىق قوبۇل قىلىدۇ. بۇ بىزنىڭ ئادا قىلىشقا تېگىشلىك خىزمەت مەسئۇلىيىتىمىز ۋە مەجبۇرىيىتىمىز، شۇنداقلا پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرى، دۆلەتنىڭ قانۇن، نىزاملىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىش، ھۆكۈمەت پەرمانلىرىنىڭ راۋانلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش، كەڭ كۆپ سانلىق خەلق ئاممىسىنىڭ تۈپ مەنپەئىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، قوغداش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش، دۆلەت ھوقۇقىدىن قالايمىقان پايدىلىنىشتىن ساقلىنىشنىڭ مۇھىم كاپالىتى. شۇنىمۇ تونۇشىمىز كېرەككى، خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ ھۆكۈمەتكە قارىتا قانۇن نازارەتچىلىكى ۋە خىزمەت نازارەتچىلىكى ئېلىپ بېرىشى—ھۆكۈمەت خىزمىتىنىڭ تېخىمۇ ياخشى ئىشلىنىشىگە ھەيدەكچىلىك قىلىش مەقسىتىدە بولۇپ، بۇ ھۆكۈمەت خىزمىتىنى كۈچلۈك قوللىغانلىق ھېسابلىنىدۇ. بۇ ھۆكۈمەتنىڭ ئۆز قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، خىزمەت مەسئۇلىيىتىنى تېخىمۇ ياخشى ئادا قىلىشىدا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. شۇڭا، ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەت تەركىبىدىكى خادىملار ۋە فۇنكسىيىلىك تارماقلار خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىگە بولغان ئېڭىنى، نازارەتچىلىكنى قوبۇل قىلىش ئېڭىنى، چاكارلىق ئېڭىنى ئۆستۈرۈشى؛ ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردىكى بەلگىلىمىلەرگە ئەمەل قىلىپ، خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىغا خىزمەت ۋە مۇھىم مەسىلىلەرنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن دوكلات قىلىپ تۇرۇشى، خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ نازارىتىنى ئاڭلىق قوبۇل قىلىشى؛ تۈرلۈك خىزمەت تۈزۈمىنى ئورنىتىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، خەلق قۇرۇلتىيى بىلەن بولغان ئالاقىنى كۈچەيتىپ، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ خىزمىتىنى پائال

قوللىشى ۋە ئۇنىڭغا ھەمكارلىشىشى لازىم.

بۇنىڭدىن كېيىن ھۆكۈمەت خىزمىتىدە خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانى، شۇنىڭدەك مالىيە خام چوتىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى، قانۇن، نىزاملارنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى، ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىق جەريانىدىكى مۇھىم ئەھۋاللارنى ھەر ۋاقىت خەلق قۇرۇلتىيىغا دوكلات قىلىپ تۇرۇش؛ خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ھۆكۈمەت تەركىبىدىكى خادىملار ۋە تارماقلارنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى ۋە خىزمىتىنى باھالاش، خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى ۋە خىزمەت تارماقلىرىنىڭ مەسئۇللىرى بىلەن كۆرۈشۈش پائالىيىتىگە پائال ھەمكارلىشىپ، خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ ھۆكۈمەت خىزمىتىگە بولغان پىكرىنى ئەستايىدىل ئاڭلاپ، خىزمەتتە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرنى ئەستايىدىل تۈزىتىش كېرەك. ئۆزمەمۇرىي رايونى تەۋەسىنىڭ سىياسىي، ئىقتىساد، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، مۇھىت ۋە بايلىق قوغداش، خەلق ئىشلىرى، مىللەتلەر خىزمىتى، دىن خىزمىتى، مۇقىملىق قاتارلىق جەھەتلەردىكى چوڭ - چوڭ ئىشلىرىنى تەڭ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ قاراپ چىقىپ قارار قىلىشىغا سۇنۇش ھەمدە خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ قارارىنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىش لازىم. خىزمەتلەردىن دوكلات بېرىش تۈزۈمى، ئالاقە باغلاش تۈزۈمى، ۋەكىللەرنىڭ تەكلىپلىرىنى بېجىرىش تۈزۈمى قاتارلىق ئالاقىدار تۈزۈم ۋە تەدبىرلەرنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ھۆكۈمەتنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلىش ئىشىنى يەنىمۇ قېلىپلاشتۇرۇش ۋە كونكرېتلاشتۇرۇش لازىم. ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ھەر يىلى قىرەللىك چاقىرىدىغان رەئىسلەر، مۇدىرلار ئالاقە باغلاش يىغىنى ئۇسۇلى ئارقىلىق، تەڭ دەرىجىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى ۋە ئۇنىڭ ئىش بېجىرىش ئاپپاراتلىرى بىلەن بولغان ئالاقە ۋە ئەھۋال ئالماشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، مۇھىم خىزمەتلەرنى خەلق قۇرۇلتىيى بىلەن ۋاقتىدا كېڭىشىپ، مۇھىم يىغىن ۋە پائالىيەتلەرگە ۋەكىللەر ۋە خ ق دائىمىي كومىتېتىدىكى يولداشلارنى تەكلىپ قىلىپ، ۋەكىللەرنى ھۆكۈمەتنىڭ خىزمەت ئەھۋاللىرىدىن خەۋەردار قىلىپ، خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ ھۆكۈمەتنىڭ خىزمەت ئەھۋالىنى ئىگىلەپ تۇرۇشىغا، ھۆكۈمەت خىزمىتىنى تېخىمۇ ياخشى نازارەت قىلىشى ۋە قوللىشىغا قولايلىق يارىتىپ بېرىشى لازىم.

خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ پىكىر - تەكلىپلىرىنى ئەستايىدىل بېجىرىش لازىم. خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگىنىنىڭ خادىملىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھۆكۈمەت خىزمىتىگە تەنقىد، پىكىر، تەكلىپ بېرىشى خەلق ئاممىسىغا ۋاكالىتەن دۆلەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇش، ئۆزىنىڭ دېموكراتىك ھوقۇقلىرىنى يۈرگۈزۈشىنىڭ مۇھىم شەكلى. بۇ ھۆكۈمەتنىڭ جەمئىيەت ئەھۋالى، خەلق رايىنى ئىگىلەپ، خىزمەتلەرنى ئۈزلۈكسىز ياخشىلىشى، دېموكراتىك ۋە ئىلمىي ئاساستا تەدبىر بەلگىلىشىگە پايدىلىق. خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ تەكلىپ، پىكىرلىرىنى ئەستايىدىل بېجىرىش خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نازارىتىنى ئاڭلىق قوبۇل قىلىشنىڭ مۇھىم تەرىپى بولۇپ، خەلق ئاممىسىنىڭ دېموكراتىيە ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىشنىڭ مۇھىم ئىپادىسى، شۇنداقلا ھۆكۈمەتنىڭ مۇھىم خىزمەت مەسئۇلىيىتى. شۇڭا، ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ ۋەكىللىك مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشى ئۈچۈن خىزمەت جەھەتتە قولايلىق يارىتىپ بېرىپ، خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈش، خىزمەت دوكلاتىنى باھالاش، قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈش ۋە مەخسۇس تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش داۋامىدا ئوتتۇرىغا قويغان مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا مۇزاكىرە قىلىپ، ئەستايىدىل ھەل قىلىشى؛ ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى ۋە ئالاقىدار تارماقلارغا قارىتا ئوتتۇرىغا قويغان سوئاللىرىغا ۋە سۈرۈشتۈرمىلىرىگە ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىپ، ئالاقىدار مەسىلىلەرگە ۋاقتىدا جاۋاب بېرىشى ھەمدە مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن بىر تەرەپ قىلىشى لازىم. خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ئوتتۇرىغا قويغان تەك-

لىپ، تەنقىد، پىكىر، تەلەپلەرنى بېجىرگەندە، بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئىز - دېرىكى بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇپلا قالماي، پائال تەدبىر قوللىنىپ، مەسىلىلەرنى ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ئاساستا ھەل قىلىپ، بېجىرىش ئۈنۈمى ۋە سۈپىتىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈشى لازىم. بېجىرىش خىزمىتىگە 1 - باشلىق مەسئۇل بولۇش تۈزۈمىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ ئاساسلىق رەھبىرى بىۋاسىتە تۇتۇپ، بېجىرىش نەتىجىسىنىڭ ئەمەلىيلىشىشىگە بولغان ھەيدەكچىلىك ۋە تەكشۈرۈشنى كۈچەيتىپ، ۋەكىللەر ئوتتۇرىغا قويغان ئىسلاھات، تەرەققىيات، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئومۇمىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر ۋە خەلق ئاممىسى كۆڭۈل بۆلىدىغان قىزىق نۇقتا، قىيىن نۇقتا مەسىلىلەرنى نۇقتىلىق ھەل قىلىشى لازىم. قانۇن ئىجرا قىلىش تارماقلىرى خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق - مەنپەئىتىنىڭ دەخلى - تەرۇزغا ئۇچرىماسلىقىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ خىزمىتى ئۈچۈن ياخشى مۇھىت ۋە شارائىت يارىتىپ بېرىشى لازىم. بىر قانچە يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇلارنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرى، ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى ھەر دەرىجىلىك پارتكوملارنىڭ رەھبەرلىكىدە، خىزمەت ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىپ، ئىش تەقسىماتى بويىچە ھەمكارلىشىپ، يېقىندىن ماسلىشىپ، دۆلەت ئورگىنىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇردى. بۇنىڭدىن كېيىن، ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمىتىنى داۋاملىق قوللاپ، ئۇلارنىڭ خىزمىتىگە ياخشى شارائىت يارىتىپ بېرىشى، ئۇلارنىڭ خىزمەتتىكى ئەمەلىي قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلىشىغا ياردەم بېرىشى، ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ خىزمەت ۋە تۇرمۇش شارائىتىنى تەدرىجىي ياخشىلىشى كېرەك. يىلدا بىر قېتىم ئېچىلىدىغان خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنى، ئىككى ئايدا بىر قېتىم ئېچىلىدىغان دائىمىي كومىتېت يىغىنى خىراجىتى ۋە ۋەكىللەر پائالىيەت خىراجىتىگە ھەر دەرىجىلىك مالىيە چوقۇم كاپالەتلىك قىلىشى لازىم. بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر قانچە يىل ئىچىدە، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ ئۆل ئەسلىھە شارائىتى ۋە ئىشخانا شارائىتىنى ياخشىلىشىغا ھەر يىلى ئىككى مىليون يۈەن مەبلەغ ئاجرىتىدۇ. ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرمۇ خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمەت شارائىتىنى ياخشىلاشقا بار ئاماللار بىلەن مەلۇم يانداشما مەبلەغ ئورۇنلاشتۇرۇشى لازىم. قىسقىسى، داۋاملىق تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، ھەر دەرىجىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ خىزمەت، تۇرمۇش شارائىتىنى ياخشىلاش كېرەك. ئەلۋەتتە، ھازىر ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك مالىيىنىڭ ئەھۋالى ئىنتايىن قىيىن، بۇنى خەلق قۇرۇلتىيىدىكى يولداشلارنىڭ توغرا چۈشىنىشىنىمۇ ئۈمىد قىلىمىز.

يولداشلار، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىپ، سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق دۆلىتى قۇرۇش—ئۇلۇغۋار نىشانىمىز ۋە ئۇزاق مۇددەتلىك ۋەزىپىمىز. بىز ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ رەھبەرلىكىدە، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ «1 - ئىيۇل» دىكى مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ۋە «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىدە داۋاملىق چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە - قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرمىللەت خەلقىنى سەپەرۋەر قىلىپ، بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە تىرىشىپ، غەيرەتكە كېلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ 10 - بەش يىللىق پىلانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش، زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن كۈرەش قىلايلى!

# ئىدىيىنى ئازاد قىلىپ، يول ئېچىپ يېڭىلىق يارىتىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى يېڭى سەۋىيىگە كۆتۈرەيلى

——ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆز

2002 - يىلى 1 - ئاينىڭ 14 - كۈنى

ھامىدىن نىياز



بۇ قېتىمقى خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى يىغىنى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم چاقىرغان ناھايىتى مۇھىم يىغىن. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىگە ئىزچىل كۆڭۈل بۆلۈپ ۋە ئۇنى قوللاپ كەلدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ھەر يىلى ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتى پارتگورۇپپىسىنىڭ خىزمەت مەلۇماتىنى ئاڭلىدى، شۇجى ۋاڭ لېچۈەن ھەر خىل يىغىنلاردا خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا بىر قاتار مۇھىم يوليورۇقلارنى بەردى. بۇلار ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى تەرەققىياتىغا زور دەرىجىدە تۈرتكە بولدى. يېقىندىلا، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتى پارتگورۇپپىسىنىڭ خىزمەت مەلۇماتىنى ئاڭلىدى ھەمدە خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش توغرىسىدا قارار چىقاردى. بۇ قېتىمقى يىغىندا، شۇجى ۋاڭ لېچۈەن يەنە ئىنتايىن مۇھىم سۆز قىلىپ، ھەر دەرىجىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ خىزمەت نەتىجىلىرىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈردى، خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى قۇرۇلۇشى ۋە خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى كۈچەيتىشنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىنى چوڭقۇر شەرھلىدى ھەمدە يېڭى ۋەزىيەتتە خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش، پارتىيىنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە ئېنىق تەلەپلەرنى قويدى، مۇھىم كۆرسەتمە بەردى، بۇ

، ھەر دەرىجىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتلىرىدا ئىشلەيدىغان يولداشلار ئۈچۈن زور ئىلھام، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنىڭ يەنىمۇ تەرەققىي قىلىشىغا كۈچلۈك تۈرتكە بولغۇسى.

ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتى ۋە ھەر دەرىجىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتلىرى قۇرۇلغاندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە ھەر دەرىجىلىك پارتكوملارنىڭ رەھبەرلىكىدە، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ۋە پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى يېتەكچى قىلىپ، پارتىيىنىڭ ھەر قايسى مەزگىلدىكى مەركىزىي خىزمىتىنى يېقىندىن چۆرىدەپ، ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىق ئومۇمىيىتىگە بويسۇنۇپ ۋە مۇلازىمەت قىلىپ، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردا بېرىلگەن خىزمەت ھوقۇقىنى ئەستايىدىل يۈرگۈزۈپ، يۈرەكلىك ئىزدىنىپ، جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدىكى مۇھىم رولىنى بىر قەدەر ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئالغا بېسىشىغا تۈرتكە بولۇش جەھەتتە مۇھىم تۆھپە قوشتى. بىرىنچى، يەرلىك نىزام چىقىرىش نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك بولدى. ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتى جەمئىي 150 نەچچە يەرلىك نىزام چىقاردى. ئۈرۈمچى شەھەرلىك ۋە ھەر قايسى ئوبلاستلىق خ ق دائىمىي كومىتېتلىرىمۇ 40 نەچچە يەرلىك نىزام ۋە يەككە نىزامنى ماقۇللىدى ھەمدە تەستىقلاتتى. بۇ نىزاملار ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشى، ئىگىلىك باشقۇرۇش، بايلىق ئاسراش، مائارىپ ـ پەن ـ مەدەنىيەت ـ سەھىيە، پۇقرالارنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى قوغداش، مىللەت، دىن، ئىجتىمائىي كاپالەت قاتارلىق ساھەلەرگە چېتىلىدۇ، بۇلار ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تۈرلۈك ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى بارغانسېرى مۇكەممەل قانۇنچىلىق كاپالىتىگە ئىگە قىلدى. ئىككىنچى، نازارەتچىلىك خىزمىتى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاندى ۋە كۈچەيتىلدى. ھەر دەرىجىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتلىرى نازارەتچىلىك خىزمىتىنى بارغانسېرى گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇپ، ئۇسۇلنى ياخشىلاپ، ئۈنۈمنى ئۆستۈردى. 80 نەچچە قانۇن، نىزامنىڭ ئىجراسى تەكشۈرۈلدى، ھۆكۈمەت ۋە ئىككى مەھكىمىنىڭ 300 نەچچە خىزمەت دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتۈلدى ۋە قاراپ چىقىلدى، دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ خىزمىتىنى باھالاش ۋە خ ق دائىمىي كومىتېتلىرى تەيىنلىگەن دۆلەت ئورگىنى خادىملىرىنىڭ ۋەزىپە ئۆتەش ئەھۋالىنى باھالاش قانات يايدۇرۇلدى. نازارەتچىلىك خىزمىتىدە ئاپتونوم رايوننىڭ خىزمەت ئومۇمىيىتىنى يېقىندىن چۆرىدەپ، خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتتىكى چوڭ ـ چوڭ مەسىلىلەر ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ ئىنكاسى كۈچلۈك بولغان مەسىلىلەرنى تۇتۇپ، نازارەتچىلىك خىزمىتىنىڭ مەزمۇنى بېكىتىلدى. نازارەتچىلىك بىلەن قوللاشنىڭ مۇناسىۋىتى توغرا بىر تەرەپ قىلىندى. بىر تەرەپتىن، خەلق قۇرۇلتىيى بىلەن دۆلەتنىڭ مەمۇرىي، سوت، تەپتىش ئورگانلىرى ئوتتۇرىسىدىكى نازارەت قىلىش بىلەن نازارەت قىلىنىش مۇناسىۋىتىنىڭ شەخسىي ھەرىكەت بولماستىن، دۆلەت تۈزۈلمىسى ئىكەنلىكى توغرا ئىگىلىنىپ، نازارەتچىلىك ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشكە جۈرئەت قىلىندى؛ يەنە بىر تەرەپتىن، خەلق قۇرۇلتىيى بىلەن دۆلەتنىڭ مەمۇرىي، سوت، تەپتىش ئورگانلىرى ئوتتۇرىسىدىكى نازارەت قىلىش بىلەن نازارەت قىلىنىش مۇناسىۋىتىنىڭ غەربنىڭ « ئۈچ ھوقۇق تەڭ تۇرىدىغان » مۇناسىۋەت ئەمەسلىكى، ئىش تەقسىماتى ئوخشاش بولمىسىمۇ، ئومۇمىي نىشانى بىر ئىكەنلىكى توغرا ئىگىلىنىپ، نازارەتچىلىك ھوقۇقى ماھىرلىق بىلەن يۈرگۈزۈلدى، نازارەت قىلىش بىلەن قوللاش بىرلەشتۈرۈلۈپ، نازارەت قىلىش داۋامىدا قوللاش گەۋدىلەندۈرۈلدى. ئۈچىنچى، چوڭ ـ چوڭ ئىشلارنى قاراپ چىقىش ۋە قارار قىلىشتا ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى. ھەر دەرىجىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتلىرى ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىق ئېھتىياجىغا ئاساسەن، چوڭ ـ چوڭ ئىشلارنى قارار قىلىش ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈپ، چەكلەش كۈچىگە ئىگە بىر مۇنچە قارار چىقاردى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتى دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتى، دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى يېنىكلىتىپ كىرىمىنى ئاشۇ-

رۇش، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا ئائىت چوڭ - چوڭ ئىشلار ئۈستىدە قانۇن بويىچە قارار چىقاردى، ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتى ۋە ھەر دەرىجىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتلىرى مۇشۇ قارارلاردا پارتىيىنىڭ توغرا تەشەببۇسلىرىنى دۆلەت ئىرادىسىگە ئايلاندۇرۇپ، پارتكومنىڭ مەركىزىي خىزمىتىگە ئاكتىپ ماسلاشتى، ھۆكۈمەت ۋە ئىككى مەھكىمىنىڭ خىزمىتىنى قوللىدى ۋە ئىلگىرى سۈردى. تۆتىنچى، كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش - قالدۇرۇش ۋە نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمى ئوڭۇشلۇق بولدى. ھەر دەرىجىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتلىرى پارتىيە رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش، دېموكراتىيىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش ۋە قەتئىي قانۇن بويىچە ئىش كۆرۈش پرىنسىپىغا رىئايە قىلىپ، كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش - قالدۇرۇش ۋە نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلام خىزمىتى تەرتىپىنى تەدرىجىي مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئۇنى دېموكراتىيىلەشتۈردى ۋە تۈزۈملەشتۈردى. بەشىنچى، خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ رولى بارغانسېرى تولۇق جارى قىلدۇرۇلدى. ھەر دەرىجىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتلىرى ۋەكىللەر خىزمىتىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ، ۋەكىللەر بىلەن بولغان ئالاقىنى كۈچەيتىپ، ۋەكىللەرنىڭ ۋەزىپە ئىجرا قىلىشىغا پائال شارائىت يارىتىپ بەردى. ھەر دەرىجىلىك خ ق ۋەكىللىرى مەسئۇلىيىتىنى ئەستايىدىل ئادا قىلىپ، شۇ جاينىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىدىكى چوڭ - چوڭ مەسىلىلەر ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ جانىجان مەنپەئىتىگە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرنى تۇتۇپ، كۆزدىن كەچۈرۈش ۋە تەكشۈرۈشنى پائال قانات يايدۇردى. مۇشۇ نۆۋەتلىك ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى ئىچىدە، ھۆكۈمەت ۋە ئىككى مەھكىمە مەسئۇللىرى بىلەن 280 نەچچە قېتىم كۆرۈشتى، باھالاش خىزمىتىنى 1600 نەچچە قېتىم ئېلىپ باردى، سوت مەھكىمىلىرىنىڭ دېلو سوتلىشىنى 460 نەچچە قېتىم سىرتتىن ئاڭلىدى. ئالتىنچى، خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئۆز قۇرۇلۇشى تەدرىجىي كۈچەيتىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق 8 - ۋە 9 - نۆۋەتلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ 1 - يىغىنىدىلا ئۆز قۇرۇلۇشىمىزنى كۈچەيتىش توغرىسىدا قارار چىقىرىلدى. 20 نەچچە يىل تىرىشىش ئارقىلىق، ھەر دەرىجىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ خىزمەت ئاپپاراتلىرى ۋە خىزمەت تۈزۈملىرى تەدرىجىي مۇكەممەللەشتى، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارنى پىششىق بىلىدىغان، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى قىزغىن سۆيىدىغان، خېلى كۈچلۈك سىياسىي ساپا ۋە كەسپىي ئىقتىدارغا ئىگە خەلق قۇرۇلتىيى كادىرلىرى قوشۇنى شەكىللىنىپ، تۈرلۈك خىزمەت ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈشكە بىر قەدەر پۇختا ئاساس سېلىندى.

يولداشلار! 20 نەچچە يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى يول ئېچىپ ئىلگىرىلەپ، يىلدىن يىلغا يۈكسەلدى. خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىدە تۆۋەندىكى بىر نەچچە مۇھىم پرىنسىپقا ئەمەل قىلىش لازىملىقىنى تونۇپ يەتتۇق: بىرىنچى، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنى توپ ۋەزىپە قىلىش لازىم. سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم شەرتى. سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى توپ ۋەزىپە قىلىش ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردا دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگانلىرىغا قويۇلغان ئاساسىي تەلەپ. ھەر دەرىجىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتلىرى قانۇن چىقىرىش، قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈش ۋە خىزمەت نازارەتچىلىكى، چوڭ - چوڭ ئىشلارنى قارار قىلىش، كادىرلارنى تەيىنلەش - قالدۇرۇش ھەمدە قانۇنچىلىق تەشۋىق - تەربىيىسىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەھەتلەردە مۇشۇ توپ تەلەپنى توغرا گەۋدىلەندۈرۈشى كېرەك. ئىككىنچى، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىشتا تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇش لازىم. ھەر دەرىجىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتلىرى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى تېزلىتىش ئارزۇسى ۋە تەلىپىنى توغرا گەۋدىلەندۈرۈپ، پارتىيىنىڭ ھەر قايسى مەزگىلدىكى خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇشىنى ئاكتىپ ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىق ئومۇمىيىتىگە بويسۇنۇپ ۋە مۇلازىمەت قىلىپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىش سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلغان

تورلۇك ئىشلارنىڭ تەرەققىياتىنى كاپالەتلەندۈرۈش ۋە ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن بوشاشماي تىرىشىشى لازىم. ئۈچىنچى، خىزمەت ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشتە ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارغا قاتتىق ئەمەل قىلىش لازىم. خىزمەتلەرنى ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردا بېرىلگەن خىزمەت ھوقۇقى بويىچە قانات يايدۇرۇش، قانۇندا بەلگىلەنگەن تەرتىپ بويىچە ئىش قىلىش خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنىڭ روشەن ئالاھىدىلىكى ۋە ئاساسى تەلىپى. ھەر دەرىجىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتلىرى ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارنى توپ ھەرىكەت مىزانى قىلىپ، دېموكراتىيە ـ مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇپ، مەسىلىلەرنى كوللېكتىپ قاراپ چىقىپ، ئىشلارنى قانۇندا بەلگىلەنگەن تەرتىپ بويىچە كوللېكتىپ قارار قىلىپ، مەسئۇلىيەتسىزلىكمۇ قىلماسلىقى، ھوقۇقىدىنمۇ ھالقىپ كەتمەسلىكى لازىم. خىزمەت ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈشكە ئائىت كونكرېت تۈزۈملەرنى ئورنىتىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى پەيدىنپەي تۈزۈملەشتۈرۈپ ۋە قېلىپلاشتۇرۇپ، ئىلمىي ۋە دېموكراتىك ئاساستا تەدبىر بەلگىلەش كېرەك. تۆتىنچى، پارتىيە رەھبەرلىكىدە باشتىن ـ ئاخىر چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنىڭغا تايىنىش لازىم. بۇ، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىدە ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك توپ سىياسىي پرىنسىپ، شۇنداقلا خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ مۇھىم كاپالىتى. ھەر دەرىجىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتلىرى سىياسىيغا، پارتىيىۋىلىككە ئەھمىيەت بېرىپ، سىياسىي، ئىدىيە ۋە ھەرىكەت جەھەتتە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن بىردەك بولۇپ، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى پارتىيە رەھبەرلىكىدە ئىشلەش؛ خىزمەت ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈش داۋامىدا، پارتىيە رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش بىلەن قانۇن بويىچە ئىش قىلىشنىڭ مۇناسىۋىتىنى، پارتىيىنىڭ كادىرلارنى پارتىيە باشقۇرۇشى بىلەن خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ قانۇن بويىچە سايلاش، تەيىنلەش ـ قالدۇرۇشىنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىپ، چوڭ ـ چوڭ ئىشلاردا يوليورۇق سوراش، دوكلات قىلىش تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇپ، پارتكومنىڭ مۇھىم تەدبىرلىرىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، پارتىيىنىڭ تەشەببۇسىنى قانۇندا بەلگىلەنگەن تەرتىپ ئارقىلىق دۆلەت ئىرادىسىگە ئايلاندۇرۇشتا ماھىر بولۇپ، پارتىيىنىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرىنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇلۇشىغا تۈزۈم ۋە قانۇن جەھەتتىن كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

20 نەچچە يىللىق خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىدە ھاسىل قىلغان تەسىراتىمىز چوڭقۇر. خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىدىكى بارلىق نەتىجىلەر، تېگى ـ تەكتىدىن ئېيتقاندا، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ توغرا رەھبەرلىكى، ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر، سوت، تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ پائال ماسلىشىشى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشى، ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ۋە خ ق دائىمىي كومىتېتىدا ئىشلەۋاتقان يولداشلارنىڭ جاپالىق خىزمىتى ئارقىلىق قولغا كەلتۈرۈلدى. خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى ئەمەلىيىتى شۇنى ئىسپاتلىدىكى، خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى دۆلىتىمىزنىڭ ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان توپ سىياسىي تۈزۈم، دۆلىتىمىزنىڭ خەلق دېموكراتىيىسى ـ دىكتاتۇرىلىقىدىكى دۆلەت تۈزۈلمىسىگە ماس كېلىدىغان ئەڭ ياخشى ھاكىمىيەت تەشكىلىي شەكلى. خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتى دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگىنى بولۇش سۈپىتى بىلەن دۆلەتنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ھاياتىدا مۇھىم رول ئويناپ كەلمەكتە. خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىدە يەنىمۇ چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ فۇنكسىيىسىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇش — باي ـ قۇدرەتلىك، دېموكراتىك، مەدەنىي سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇشنىڭ مۇقەررەر تەلىپى. تارىخىي ۋە رېئال سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنىڭ رولى تېخى تولۇق جارى بولمايۋاتىدۇ، ئەمەلىي تۇرمۇشتا خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ئورنىغا ھۆرمەت قىلمايدىغان، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ رولىغا سەل قارايدىغان ئەھۋال يۈز بېرىپ تۇرۇۋاتىدۇ، قانۇنغا ئەمەل قىلمايدىغان، قانۇندا بەلگىلەنگەن تەرتىپ بويىچە ئىش قىلمايدىغان ئەھۋال ئاز ساندىكى جايلاردا يەنىلا مەۋجۇت، يەرلىك نىزام چىقىرىش خىزمىتى ئىسلاھات ۋە قۇرۇلۇش ئېھتىياجىغا تولۇق لايىقلىشىپ كېتەلمەيۋاتىدۇ، يەرلىك نىزاملارنى تەشۋىق قىلىش ۋە يولغا قويۇش كۆڭۈلدىكىدەك بولمايۋاتىدۇ، نازارەتچىلىك خىزمىتىنى يە-

نىمۇ ياخشىلاشقا ۋە كۈچەيتىشكە توغرا كېلىدۇ، ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ خىزمىتى ۋە قۇرۇلۇشىغا ياردەم بېرىش ۋە يېتەكچىلىك قىلىش تېخى يېتەرلىك ئەمەس. بۇ مەسىلىلەرنى بۇنىڭدىن كېيىن پەيدىنپەي ھەل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

نۆۋەتتە، دۆلىتىمىز ۋە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا قەدەم قويدى، ھەر قايسى جەھەتتىكى خىزمەتلەرگە تېخىمۇ يۇقىرى تەلەپ قويۇلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋەزىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجىنى نەزەردە تۇتۇپ، يېڭى ئەسىردە خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئىلگىرى سۈرۈش مەقسىتىدە، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش ھەققىدە قارار چىقاردى ھەمدە ئاپتونوم رايون بويىچە خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى يىغىنىنى ئاچتى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ قارارى ئاپتونوم رايونىمىزدا ھەر دەرىجىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتلىرى قۇرۇلغان 20 نەچچە يىلدىن بۇيان چىقىرىلغان چوڭقۇر ئەھمىيەتكە ئىگە قارار. بۇ قارار ۋە شۇجى ۋاڭ لېچۈەننىڭ مۇھىم سۆزى خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىدىغان مۇھىم ھۆججەت. ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتى ۋە ھەر دەرىجىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتلىرى بۇنى يېتەكچى قىلىپ، جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەپ، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىدە تىرىشىپ يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشى كېرەك.

نۆۋەتتە ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدە، ھەر دەرىجىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتلىرى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ قارارى ۋە بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ روھىنى ئۆگىنىشنى مۇھىم ۋەزىپە قىلىپ، قارار ۋە يىغىن روھىنى دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەر، ئورگان كادىرلىرى ۋە خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىگە تېز يەتكۈزۈشى، يېتەرلىك ۋاقىت ئاجرىتىپ، ئەتراپلىق ئورۇنلاشتۇرۇپ، مۇددەت ۋە تۈركۈم بويىچە ئۆگىنىش ۋە مۇزاكىرىگە ئەستايىدىل ئۇيۇشتۇرۇشى كېرەك. دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەر، ئورگان كادىرلىرى ۋە خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى قارار ۋە يىغىن روھىنى ئەتراپلىق ئىگىلەپ، ئىدىيىسىنى يەنىمۇ بىرلىككە كەلتۈرۈپ، تونۇشىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشى؛ ئۆگىنىش ۋە مۇزاكىرە ئارقىلىق خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ خاراكتېرى، ئورنى ۋە رولىنى يەنىمۇ ئېنىق تونۇشى، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش شەرەپ تۇيغۇسى، مەسئۇلىيەتچانلىقى ۋە بۇرچ تۇيغۇسىنى ئاشۇرۇشى، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئىشەنچى ۋە ئىرادىسىنى چىڭىتىشى كېرەك. ھازىرقى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدىكى خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى ۋە مۇھىم ۋەزىپىسىنى يەنىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇپ، خىزمەتتىكى تەشەببۇسكارلىق، ئالدىن كۆرەرلىك ۋە قاراتمىلىقنى ئاشۇرۇش كېرەك. پارتكومنىڭ قارارىدا ۋە بۇ قېتىمقى يىغىندا يەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىدە دۇچ كەلگەن بەزى گەۋدىلىك مەسىلىلەر ھەل قىلىنىپ، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىدىكى بەزى مۇھىم پرىنسىپ ۋە بەلگىلىمىلەر بېكىتىلىپ، ھەر دەرىجىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇشى ئۈچۈن شارائىت يارىتىلدى، يۆنىلىش كۆرسىتىپ بېرىلدى. ھەر دەرىجىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتلىرى قارار ۋە يىغىن روھىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى تېخىمۇ كۈچەيتىشى، ئاپتونوم رايونىمىزنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش قەدىمىنى يەنىمۇ تېزلىتىش ئۈچۈن بوشاشماي تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى كېرەك.

**بىرىنچى، يەرلىك نىزام چىقىرىشنى كۈچەيتىپ، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش تەلىپىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان، ئاپتونوم رايونىمىزنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش قەدىمىنى تېزلىتىدىغان يەرلىك نىزاملارنى چىقىرىش.**

دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، پۈتۈن جەمئىيەتتە قانۇن بويىچە باشقۇرۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش، ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىق خىزمىتىنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش ئۈچۈن، دۆلەتنىڭ قانۇن ۋە مەمۇرىي نىزاملىرىنى ئەتراپلىق ئىزچىللاشتۇرۇشقا، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەھۋالى ۋە ئالاھىدىلىكىگە بىرلەشتۈرۈپ، يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە نىزام سىستېمىسىنى داۋاملىق مۇكەممەللەشتۈرۈشكە، شۇ ئارقىلىق تۈرلۈك ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنى، ئىقتىساد، مەدەنىيەت ۋە ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرنى يەنىمۇ قې-

لىپلاشتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. نۆۋەتتە ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدە، يەرلىك نىزام چىقىرىش خىزمىتىدە 10 ـ بەش يىللىق پىلان ۋە غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنى چۆرىدەپ، بىر تۇتاش پىلانلاپ، مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ئىقتىسادىي نىزام چىقىرىشنى كۈچەيتىش، نىزام چىقىرىش خىزمىتىنى ئاپتونوم رايوننىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا تىرىشىپ لايىقلاشتۇرۇش كېرەك. دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا كىرگەندىن كېيىنكى يېڭى ۋەزىيەت ۋە يېڭى تەرەققىياتقا لايىقلىشىپ، ئالاقىدار يەرلىك نىزاملارنى چىقىرىش، تۈزىتىش ۋە بىكار قىلىش خىزمىتىنى تېزلىتىش لازىم. ئىسلاھات ۋە تەرەققىياتقا ياخشى ئىجتىمائىي مۇھىت يارىتىش ئۈچۈن، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداشقا دائىر نىزاملارنى تۈزۈش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇش كېرەك. ھۆكۈمەتنىڭ نىزاملىرى ۋە قېلىپلاشقان ھۆججەتلىرى شۇنىڭدەك تۆۋەن دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتى ماقۇللىغان قارارلارنى تەكشۈرۈش خىزمىتىنىمۇ قانۇن بويىچە ياخشى ئىشلەش كېرەك.

يەرلىك نىزام چىقىرىشتا، نىزامنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشنى مۇھىم ھالقا قىلىش لازىم. «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىش ۋە راۋاجلاندۇرۇشنى تۈپ چىقىش نۇقتىسى قىلىپ، نىزاملارنى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان، ئىسلاھات مېۋىلىرىنى مۇستەھكەملەيدىغان، ئىسلاھات ئەمەلىيىتىگە يېتەكچىلىك قىلىدىغان قىلىپ، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ سەكرەش شەكلىدە تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك. نىزام چىقىرىشتا، ئىلغار مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىيات يۆنىلىشىنى ئەكس ئەتتۈرۈش، نىزام ئارقىلىق ئىلغار مەدەنىيەتنى يۈكسەلدۈرۈش، مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش؛ نىزاملاردا باشتىن ـ ئاخىر ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلىش ۋە ئۇنى گەۋدىلەندۈرۈش، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئارزۇسى ۋە تەلىپىنى توغرا ئىپادىلەش كېرەك. قانۇن چىقىرىش قانۇنىدىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، نىزام چىقىرىشقا ئائىت كونكرېت تۈزۈملەرنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، نىزام چىقىرىش خىزمىتىنى دېموكراتىيىلەشتۈرۈش ۋە ئىلمىيلاشتۇرۇش لازىم. ھۆكۈمەت ۋە مۇناسىۋەتلىك تارماقلار كۆپ ساندىكى نىزام لايىھىلىرىنى تەييارلاش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان، شۇڭا چوقۇم رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، نىزامدا چېتىلىدىغان مۇھىم مۇناسىۋەتلەرنى ماسلاشتۇرۇپ ئوبدان بىر تەرەپ قىلىشى، خ ق دائىمىي كومىتېتىغا بىر قەدەر پىشقان نىزام لايىھىلىرىنى پىلان بويىچە ۋاقتىدا يوللىشى لازىم.

ئۆز مەمۇرىي رايونىنىڭ سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت جەھەتلەردىكى چوڭ ـ چوڭ ئىشلىرى ئۈستىدە قانۇن بويىچە قارار چىقىرىش — خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇھىم خىزمىتى. ھەر دەرىجىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ بۇ خىزمەتنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلىشىگە قولاي بولسۇن ئۈچۈن، چوڭ ـ چوڭ ئىشلارنىڭ دائىرىسىنى يەنىمۇ مۇھاكىمە قىلىپ ۋە ئايدىڭلاشتۇرۇپ، ئۇنى قانۇن بويىچە بېكىتىش لازىم.

**ئىككىنچى، نازارەتچىلىك خىزمىتىنى ياخشىلاپ، مەمۇرىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈش ۋە ئەدلىيىدە ئادىل بولۇشقا تۈرتكە بولۇش.** قانۇننى قاتتىق ئىجرا قىلىش دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ ئاچقۇچى. ھەر دەرىجىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتلىرى نازارەتچىلىك خىزمىتىنى گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇشى، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك، ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتلىرى نازارەتچىلىك خىزمىتىنى تېخىمۇ مۇھىم ئورۇنغا قويۇشى، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارنىڭ ئىجراسى ئۈستىدىكى نازارەتچىلىكنى، دۆلەت ئورگانلىرى ۋە ئۇنىڭ خادىملىرى ئۈستىدىكى نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىشى، ھۆكۈمەت ۋە ئىككى مەھكىمىنىڭ مەمۇرىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈشىگە، ئەدلىيىدە ئادىل بولۇشىغا ھەيدەكچىلىك قىلىشى ۋە مەدەت بېرىشى لازىم. نۆۋەتتە ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدە، ھەر دەرىجىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتلىرى 10 ـ بەش يىللىق پىلان ۋە غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇشقا ياخشى مۇھىت يارىتىش، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنى

كاپالەتلەندۈرۈش ، بازار ئىگىلىكىنىڭ ساغلام راۋاج-
لىنىشىغا تۈرتكە بولۇش، پۇقرالار ، قانۇنىي ئىگىلەر
ۋە باشقا تەشكىلاتلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئەتى-
نى قوغداش ئۈچۈن، ھەر يىلى بىر ، ئىككى قانۇن ،
نىزامنىڭ ئىجراسىنى نۇقتىلىق تەكشۈرۈش ، شۇ
ئارقىلىق قانۇن، نىزاملارنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا
تۈرتكە بولۇشى، ھۆكۈمەت، ئىككى مەھكىمە ۋە قانۇن
ئىجرا قىلغۇچى ئورگانلارنىڭ قانۇندا بەلگىلەنگەن
مەسئۇلىيىتىنى ئەستايىدىل ئادا قىلىپ ، قەتئىي
قانۇن بويىچە ئىش قىلىشىغا ھەيدەكچىلىك قىلىشى
ۋە ياردەم بېرىشى لازىم.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ، بەزى جايلار ۋە
تارماقلار قانۇن ئىجرا قىلىش مەسئۇلىيەت تۇ-
زۇمى ۋە خاتا دېلو جاۋابكارلىقىنى سۈرۈشتۈرۈش تۇ-
زۇمىنى يولغا قويدى؛ بەزى جايلاردىكى خ ق دائى-
مىي كومىتېتلىرى قانۇن ئىجرا قىلغۇچى تارماقلار-
نىڭ خىزمىتى ۋە ئۇنىڭ رەھبەرلىرىنىڭ ۋەزىپە ئۆتەش
ئەھۋالىنى باھالاشنى يولغا قويدى، سوت مەھكىمىسى
سوتلاپ ئاخىرلاشتۇرغان ، ئاممىنىڭ ئىنكاسى كۈچ-
لۈك بولغان ئايرىم مۇھىم دېلولارنى نازارەت قىلىش
ئىشىنى يولغا قويدى. بۇلار 15 ـ قۇرۇلتاينىڭ روھى
ۋە دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش تەلىپىگە ئۇيـ
غۇن ، بۇنى مەملىكەتلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى
تولۇق مۇئەييەنلەشتۈردى . ھەر دەرىجىلىك خ ق دا-
ئىمىي كومىتېتلىرى تەجرىبىلەرنى ئەستايىدىل يە-
كۈنلەپ، قانۇن ئىجرا قىلىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ۋە
خاتا دېلو جاۋابكارلىقىنى سۈرۈشتۈرۈش تۈزۈمىنى
ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇشى ، خىزمەتنى باھالاش ۋە
ۋەزىپە ئۆتەش ئەھۋالىنى باھالاشنى داۋاملىق ياخشى
ئېلىپ بېرىشى، پارتىيە رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش،
سوت قىلىش ھوقۇقى ۋە تەپتىش ھوقۇقىنى يۈر-
گۈزمەسلىك ، نازارەتچىلىك ھوقۇقىنى كوللېكتىپ
يۈرگۈزۈش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ ، ئايرىم دېلو نا-
زارەتچىلىكىنى تېخىمۇ قېلىپلاشتۇرۇشى كېرەك.

ئۇنۇملۇك شەكىللەرنى قوللىنىپ، ھۆكۈمەت ۋە
ئىككى مەھكىمىنىڭ خىزمىتى ئۈستىدىكى نازارەت-
چىلىكنى كۈچەيتىش لازىم. نۇقتىلىق ھالدا ئىسلا-
ھات، تەرەققىيات، مۇقىملىققا دائىر چوڭ ـ چوڭ
مەسىلىلەرنى ھەمدە خەلق ئاممىسىنىڭ جانىجان مەن-
پەئەتىگە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرنى چۆرىدەپ ، قا-
راتمىلىقى بولغان ھالدا نازارەتچىلىك قىلىش ، نازا-
رەتچىلىك ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇش كېرەك . نازارەتچى-
لىك ئارقىلىق ھۆكۈمەتنىڭ قانۇن بويىچە تەدبىر
بەلگىلەپ، قانۇن بويىچە باشقۇرۇپ ، ئىسلاھات ۋە
قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشىغا ھەيدەك-
چىلىك قىلىش ۋە مەدەت بېرىش؛ سوت، تەپتىش
مەھكىمىلىرىنىڭ سوت ئىسلاھاتى ۋە تەپتىش ئىسلا-
ھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ ، ئەدلىيىدە ئادىل بولۇپ ،
ئىسلاھات ، ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇ-
لۇشى ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى خىزمەت قىلىشىغا ھەي-
دەكچىلىك قىلىش ۋە مەدەت بېرىش لازىم.

**ئۈچىنچى ، قانۇنچىلىق تەشۋىق ـ تەربى-
يىسىنى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرۈپ ،
ھەرمىللەت پۇقرالىرىنىڭ قانۇن ساپاسىنى تې-
رىشىپ ئۆستۈرۈش.** قانۇنچىلىق تەشۋىق ـ تەربى-
يىسىنى كۈچەيتىپ ، بارلىق پۇقرالارنىڭ قانۇن سا-
پاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە
قىلىش فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ ، ئاپتونوم را-
يونىمىزنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش قەدىمىنى
تېزلىتىشتىكى مۇھىم ئۇل خىزمەت . ھەر دەرىجە-
لىك خ ق دائىمىي كومىتېتلىرى قانۇنچىلىق تەش-
ۋىق ـ تەربىيىسىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى بۇرۇنقىدەكلا
ئۆزىنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى قىلىپ تۇتۇشى لازىم.
ھۆكۈمەت ، ئىككى مەھكىمىنىڭ 4 ـ بەش يىللىق
قانۇنچىلىق تەربىيە پىلانىنى ۋە مەملىكەتلىك خ ق
دائىمىي كومىتېتى، ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي
كومىتېتىنىڭ مۇناسىۋەتلىك قارارلىرىنى ئەستايى-
دىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، قانۇنچىلىق تەربىيە خىزمە-
تىنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇشىغا ھەيدەكچىلىك
قىلىش ۋە مەدەت بېرىش كېرەك. ئاساسىي قانۇن دۆ-
لەتنىڭ تۈپ چوڭ قانۇنى ، ئۇ ئالىي قانۇن كۈچىگە
ئىگە ، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش ، قانۇن
ئىدارە قىلىدىغان سوتسىيالىستىك دۆلەت قۇرۇشنىڭ
تۈپ قانۇن ئاساسى. دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قى-
لىشتا ، ئالدى بىلەن دۆلەتنى ئاساسىي قانۇن بويىچە
ئىدارە قىلىش ، قانۇنچىلىق تەربىيىسىدە ئاساسىي
قانۇن ھەققىدىكى تەشۋىق ـ تەربىيىنى بىرىنچى ئو-
رۇنغا قويۇپ ، خەلق ئاممىسىنى ئاساسىي قانۇننى ئۆ-
گىنىش ۋە ئۇنىڭ نوپۇزىنى قوغداش ئىمكانىيىتىگە
ئىگە قىلىش كېرەك . مەركەزنىڭ تەلىپى بويىچە ،

پۈتۈن جەمئىيەتتە ئاساسىي قانۇننىڭ نوپۇزى ۋە ئىززىتىنى تىكلەش لازىم، ھەر قانداق تەشكىلات ياكى شەخسنىڭ ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردىن ھالقىغان ئىمتىيازغا ئىگە بولۇۋېلىشىغا يول قويۇلمايدۇ، بارلىق نىزام، قائىدە ۋە قېلىپلاشقان ھۆججەتلەر ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارغا زىت بولماسلىقى، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارغا خىلاپ بارلىق قىلمىشلار سۈرۈشتۈرۈلۈشى كېرەك.

قانۇنچىلىق تەشۋىق ـ تەربىيىسىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى رەھبىرىي كادىرلار، ئاجىز ھالقىسى يېزىلار. ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار قانۇن ئۆگىنىشنىڭ مۇھىملىقىنى چوڭقۇر تونۇپ، باشلامچىلىق بىلەن قانۇن ئۆگىنىشى، قانۇننى ئەتىۋارلىشى، قانۇنغا رىئايە قىلىشى، قانۇن ساپاسىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈشى، قانۇن بويىچە تەدبىر بەلگىلەش، قانۇن بويىچە باشقۇرۇش، قانۇن بويىچە ئىش قىلىش سەۋىيىسى ۋە ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈشى كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۈنۈملۈك شەكىللەر ئارقىلىق ئاممىۋى قانۇنچىلىق تەشۋىق ـ تەربىيىسىنى كۈچەيتىش لازىم. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرى ئاساسىي قانۇننى ئۆگىنىش ۋە تەشۋىق قىلىش ئاساسىدا، يېزا ئىگىلىك قانۇنى، يەر باشقۇرۇش قانۇنى، كەنت ئاھالە كومىتېتلىرىنىڭ تەشكىلىي قانۇنى، جىنايى ئىشلار قانۇنى، دىن ئىشلىرىنى باشقۇرۇش نىزامى قاتارلىقلارنى قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش تەربىيىسىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى قىلىپ، كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ قانۇننى بىلىش، قانۇنغا رىئايە قىلىش ئاڭلىقلىقىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈپ، پۇقرالىق ھوقۇقىنى توغرا يۈرگۈزۈشىگە، ئادا قىلىشقا تېگىشلىك مەجبۇرىيىتىنى ئاڭلىق ئادا قىلىشىغا، ئۆزىنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى قانۇن بويىچە قوغدىشىغا، قانۇنغا خىلاپ ھەر خىل جىنايى قىلمىشلار بىلەن قەتئىي كۈرەش قىلىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىشى كېرەك.

ۋەتەننىڭ بىرلىكى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش ئاساسىي قانۇن بارلىق دۆلەت ئورگانلىرى، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار ۋە ھەر بىر پۇقراغا يۈكلىگەن مۇقەددەس مەسئۇلىيەت. بۆلگۈنچىلىك قىلىش، ۋەتەننىڭ بىرلىكى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش جىنايى ئىشلار قانۇنىدا ئېنىق بەلگىلەنگەن دۆلەت خەۋپسىزلىكىگە ۋە جامائەت خەۋپسىزلىكىگە خەۋپ يەتكۈزىدىغان ئېغىر جىنايى قىلمىش، ئۇ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئەتىگە خىلاپ. ھەر مىللەت ئاممىسى قانۇن ئۆگىنىش ئارقىلىق، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردىكى بۇ بەلگىلىمىلەرنى پىششىق ئىگىلەپ، قانۇندا بەلگىلەنگەن مەسئۇلىيىتىنى ئېنىق تونۇپ، ھەق ـ ناھەقنى ئايرىش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرگە قارشى بايرىقى روشەن ھالدا كۈرەش قىلىشى لازىم. ھەر دەرىجىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتلىرى داۋاملىق تۈردە بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەشنىڭ ئالدىنقى سېپىدە تۇرۇپ، دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگىنىنىڭ ئالاھىدە ئەۋزەللىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشى، ھەر دەرىجىلىك ج خ، ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ ھەر خىل بۆلگۈنچىلىك، بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرى ۋە باشقا ئېغىر جىنايى ھەرىكەتلەرگە قانۇن بويىچە قاتتىق زەربە بېرىشىنى قوللىشى، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارنىڭ نوپۇزىنى قوغدىشى، جەمئىيەتنىڭ ئۇزاققىچە ئەمىن تېپىشىغا كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

**تۆتىنچى، ۋەكىللەر خىزمىتىنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەپ، ۋەكىللەرنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش.** خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگىنىنى تەشكىل قىلغۇچىلار بولۇپ، خەلققە ۋاكالىتەن دۆلەتنى باشقۇرۇش ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشكە قاتنىشىدۇ. دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردا يۈكلەنگەن فۇنكسىيىسىنى ئۈنۈملۈك جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن، خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش كېرەك، بۇ، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنىڭ مۇھىم ئاساسى. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى 60 مىڭغا يېتىدۇ، ئۇلار ھەر قايسى سەپلەرگە ۋە ساھەلەرگە تارقالغان، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسى بىلەن قويۇق ئالاقىلىشىپ تۇرىدۇ، بۇ بىزنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنى يولغا قويۇشىمىزدىكى بىر ئەۋزەللىك. ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىشەنچى ۋە تاپشۇرۇقىنى يەردە قويماي، ۋەكىللەر قانۇنىدا بەلگىلەنگەن ۋەكىللىك مەسئۇلىيىتىنى ئەستايىدىل ئادا

قىلىپ، خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنى مەزگىلىدىمۇ، يىغىن يېپىق مەزگىلىدىمۇ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشى، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارغا نەمۇنىلىك بىلەن رىئايە قىلىشى، ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرى ئۈيۈشتۇرغان پائالىيەتلەرگە ئاكتىپ قاتنىشىپ، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا، شۇ دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇشىغا ھەمكارلىشىشى؛ ئىسلاھات ۋە قۇرۇلۇش ئۇلۇغ ئەمەلىيىتىگە پائال ئاتلىنىپ، ئۆزى قاتناشقان ئىشلەپچىقىرىش، خىزمەت ۋە ئىجتىمائىي پائالىيەتلەردە نەمۇنىلىك، باشلامچىلىق رول ئويناپ، 10 ـ بەش يىللىق پىلان ۋە غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا تۆرتكە بولۇشى، مۇقىملىقنى قوغداش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشى؛ خەلق ئاممىسى بىلەن كەڭ ئالاقە باغلاپ، ئەسلى سايلىغان ئورۇن ۋە سايلىغۇچىلارنىڭ پىكرىنى دائىم ئاڭلاپ، ئاممىنىڭ پىكىر، تەلەپلىرىنى ۋاقتىدا ئىنكاس قىلىپ، پارتىيىنىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرى ۋە دۆلەتنىڭ قانۇن، نىزاملىرىنى تەشۋىق قىلىپ، خەلق ئاممىسىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ۋە يېتەكلەپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىش ئۈچۈن ھارماي ـ تالماي كۆرەش قىلىشى كېرەك.

خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن، ھەر دەرىجىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتلىرى ۋەكىللەرگە تېخىمۇ ياخشى مۇلازىمەت قىلىشى لازىم. ۋەكىللەر قانۇندىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، ۋەكىللەر بىلەن قويۇق ئالاقە باغلاپ، ۋەكىللەرنىڭ ۋەزىپە ئىجرا قىلىشىغا تىرىشىپ شارائىت يارىتىپ بېرىش؛ ۋەكىللەر يەرلىك دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ مەسئۇللىرى بىلەن كۆرۈشۈش، يەرلىك دۆلەت ئورگانلىرى ۋە ئۇلارنىڭ خادىملىرىنى باھالاش، ۋەزىپە ئۆتەش ئەھۋالىنى باھالاش، سوت مەھكىمىسىنىڭ دېلو سوتلىشىنى چەتتىن ئاڭلاش، ۋەكىللەرنى دائىمىي كومىتېت يىغىنىغا سىرتتىن قاتناشتۇرۇش، يەرلىك دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ قەرەللىك ھالدا ۋەكىللەرنى مۇھىم خىزمەت ئەھۋالىدىن ۋە چوڭ ـ چوڭ ئىشلاردىن خەۋەرلەندۈرۈپ تۇرۇشىغا ھەيدەكچىلىك قىلىش قاتارلىق ئۇنۇملۈك ئۇسۇللارنى داۋاملىق قوللىنىش ھەمدە پەيدىنپەي قېلىپلاشتۇرۇش؛ ۋەكىللەرنىڭ تەكلىپ، تەۋسىيە، تەنقىد ۋە پىكىرلىرىنى بېجىرىش خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشىلاش، خ ق دائىمىي كومىتېتى ۋە ئۇنىڭ خىزمەت تارماقلىرىنىڭ بېجىرىش ۋە بېجىرىشكە ھەيدەكچىلىك قىلىشتىكى يېتەكچىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش؛ ۋەكىللەرنىڭ قانۇن بويىچە ۋەزىپە ئىجرا قىلىشىغا، ۋەكىللەرنىڭ ھوقۇقىنىڭ دەخلىسىزلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش لازىم. ۋەكىللەر قانۇندا ۋەكىللەرنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنلىرىدا قىلغان سۆزى ۋە بەرگەن ئاۋازى قانۇن تەرىپىدىن سۈرۈشتۈرۈلمەيدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن. ۋەكىللەرنىڭ قانۇنىي ئورنى پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشىشى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك يەرلىك دۆلەت ئورگانلىرى ۋەكىللەرنىڭ قانۇنلۇق ئورنىنى قوغدىشى، ۋەكىللەرنىڭ خىزمىتىنى پائال قوللىشى، ۋەكىللەرنىڭ نازارىتىنى ئاڭلىق قوبۇل قىلىشى كېرەك.

بەشىنچى، ئۆز قۇرۇلۇشىمىزنى كۈچەيتىش، خىزمەت ئىستىلىنى ياخشىلاش. ئۆز قۇرۇلۇشىمىزنى كۈچەيتىش ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردا بېرىلگەن خىزمەت ھوقۇقىنى ياخشى يۈرگۈزۈشنىڭ مۇھىم شەرتى. ھەر دەرىجىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتلىرى ئېغىر خىزمەت ۋەزىپىلىرىنىڭ ئېھتىياجىغا لايىقلىشىپ، ئۆز قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن چىڭ تۇتۇشى لازىم. مەن بۇ يەردە ئۈچ نۇقتىنى تەكىتلەپ ئۆتىمەن: بىرىنچى، پارتىيە رەھبەرلىكىدە بولۇشنى ئاڭلىق ھالدا چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنىڭغا تايىنىش كېرەك. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ قارارىدا ھەر دەرىجىلىك پارتكوملارنىڭ شۇ جىنسى ياكى بىر مۇئاۋىن شۇجىسى تەڭ دەرىجىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىقى ياكى پارتگۇرۇپپا شۇجىلىقىنى ئۈستىگە ئالىدىغانلىقى ئېنىق بەلگىلەندى. بۇ پارتىيىنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىشتىكى مۇھىم تەدبىر بولۇپ، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى ساغلام، ئۆگۈشلۈق راۋاجلاندۇرۇشتا مۇھىم رول ئوينايدۇ. خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى پارتىيە خىزمىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرى تەڭ دەرىـ

جىلىك پارتكومدىن يولىيورۇق سوراش ۋە ئۇنىڭغا دوكلات قىلىش تۈزۈمىنى ئورنىتىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، پارتكومغا خىزمەتتىن دائىم تەشەببۇسكارلىق بىلەن دوكلات بېرىپ، پارتىيە رەھبەرلىكىنى ئاڭلىق قوبۇل قىلىش ئارقىلىق خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنىڭ توغرا سىياسىي يۆنىلىشكە كاپالەتلىك قىلىشى لازىم. خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى پارتىيىنىڭ مەركىزىي ۋەزىپىسىنى چۆرىدىگەن ھالدا قانات يايدۇرۇپ، ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىق ئومۇمىيىتى ئۈچۈن تېخىمۇ ئۈنۈملۈك خىزمەت قىلىش لازىم. خ ق دائىمىي كومىتېتى تەركىبىدىكىلەر ۋە ئورگان خىزمەتچىلىرى ئارىسىدىكى كومپارتىيە ئەزالىرى پارتىيىۋىلىك قارىشىنى كۈچەيتىپ، پارتىيە ئالدىدا مەسئۇل بولۇش بىلەن خەلق ئالدىدا مەسئۇل بولۇشنىڭ بىرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ئالدى بىلەن پارتىيە ئەزاسى ئىكەنلىكىنى ئېسىدە چىڭ تۇتۇپ، خىزمەتلەردە پارتكومنىڭ مۇددىئاسىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، پارتىيە ئىنتىزامىغا رىئايە قىلىپ، پارتكومنىڭ مۇھىم تەدبىرلىرىنى خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىدە ئەمەلىيلەشتۈرۈشى لازىم. ئىككىنچى، پارتىيە 15 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 6 - ئومۇمىي يىغىنى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق 6 - نۆۋەتلىك پارتكوم 2 - ئومۇمىي (كېڭەيتىلگەن) يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىستىلنى يەنىمۇ ياخشىلاش لازىم. ئاساسىي قاتلامغا بېرىش، ئاممىنىڭ ساداسىغا قۇلاق سېلىش، ھەقىقىي ئەھۋالنى ئىگىلەش، خىزمەت ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈش داۋامىدا ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق ئىرادىسىنى گەۋدىلەندۈرۈش؛ خەلق ئاممىسىنىڭ خەت - چەكلىرىنى ۋە ئەرز، شىكايەت، پاش قىلىش ماتېرىياللىرىنى ئەستايىدىل قوبۇل قىلىپ، ئىنكاس قىلىنغان مۇھىم مەسىلىلەرنى مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن ھەل قىلىش ۋە ھەل قىلىشقا ھەيدەكچىلىك قىلىش؛ پاك - ئىنتىزامچان بولۇشتا چىڭ تۇرۇش، چىرىكلىككە قەتئىي قارشى تۇرۇش؛ جاپاغا چىداپ كۆرەش قىلىش، بارلىق ئىشلارنى تىرىشچانلىق - ئىقتىسادچىللىق بىلەن بېجىرىش، ھەشەمەتچىلىك، ئىسراپچىلىقنى قەتئىي توسۇش؛ شەكىلۋازلىق ۋە بيۇروكراتلىقنى تۈگىتىش، ئاممىنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇش، خەلق ئاممىسىنىڭ ئىقتىسادىي، سىياسىي، مەدەنىيەت جەھەتتىكى ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغداش، ئاممىغا ياخشى ئىش، ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىش لازىم. ئۈچىنچى، دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەر ۋە ئورگان خىزمەتچىلىرى ئۆگىنىشنى كۈچەيتىپ، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ۋە باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، قانۇن بىلىملىرى، ئىقتىساد باشقۇرۇش بىلىملىرى، زامانىۋى پەن - مەدەنىيەت بىلىملىرى ۋە ھەر قايسى جەھەتتىكى كەسپىي بىلىملەرنى تىرىشىپ ئۆگىنىپ، ئۆزىنىڭ ساپاسى، خىزمەت سەۋىيىسى ۋە ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈشى لازىم. ھەر دەرىجىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتلىرىدا ئىشلەۋاتقان يولداشلار زىممىسىدىكى مەسئۇلىيەتنىڭ ئېغىرلىقىنى تولۇق تونۇپ، خەلق بەرگەن ھوقۇقنى قەدىرلەپ، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەيدىغان ئىدىيىۋى قاراش ۋە جاسارەت بىلەن ئىشلەيدىغان روھىي ھالەتتە، ئۆزىنىڭ مۇقەددەس مەسئۇلىيىتىنى ياخشى ئادا قىلىشى لازىم.

يولداشلار! خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى كۈچەيتىش ۋەزىيەت تەرەققىياتىنىڭ جىددىي تەلىپى. بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ رەھبەرلىكىدە، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى يېتەكچى قىلىپ، «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈپ، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش، قانۇن ئىدارە قىلىدىغان سوتسىيالىستىك دۆلەت قۇرۇش فاڭجېنىنى ئاكتىپ ئىزچىللاشتۇرۇپ، پارتىيە 15 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 6 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ بىر قاتار يىغىنلىرىنىڭ روھىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىدىيىنى ئازاد قىلىپ، يول ئېچىپ يېڭىلىق يارىتىپ، يېڭى ئەسىردىكى خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى تىرىشىپ يېڭى سەۋىيىگە كۆتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش ۋە ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن تېخىمۇ زور تۆھپە قوشايلى.

# كۇچا، شايار، توقسۇ، باي ناھىيىلىرى يېزا ـ بازارلىق خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلام خىزمىتىدە «سەككىزنى ئەمەلىيلەشتۇرۇش» نى ئىشقا ئاشۇردى

يېقىندا كۇچا، شايار، توقسۇ، باي ناھىيىلىرى يېزا ـ بازارلىق خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلام خىزمىتىدە «سەككىزنى ئەمەلىيلەشتۇرۇش» نى ئىشقا ئاشۇردى.

1 . تەشكىلىي ئاپپارات ئەمەلىيلەشتۇرۇلدى. تۆت ناھىيە ـ يېزا بازارلىق خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمىغا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى قۇرۇلۇپ، كونكرېت خىزمەتلەرنى ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى تەشكىللەپ يولغا قويدى. رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزالىرى ناھىيىلىك پارتكوم، خ ق دائىمىي كومىتېتى، ھۆكۈمەت، سىياسىي كېڭەشتىكى ئالاقىدار رەھبەرلەر ۋە ئالاقىدار تارماقلارنىڭ رەھبەرلىرىدىن تەشكىل تاپتى، قارىمىقىدا سايلام ئىشخانىسى تەسىس قىلىنىپ، پۈتۈن ناھىيىدىكى يېزا ـ بازارلىق خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمىنىڭ كۈندىلىك خىزمەتلىرىگە مەسئۇل بولدى. ھەر قايسى يېزا ـ بازارلاردا نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلام ھەيئىتى قۇرۇلدى، قارىمىقىدا ئىشخانا تەسىس قىلىنىپ، يېزا ـ بازارلارنىڭ نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمىنىڭ كونكرېت ئىشلىرىغا مەسئۇل بولدى.

2 . رەھبەرلەر دائىرە بويىچە نۇقتىنى تۇتۇش، دائىرە بويىچە مەسئۇل بولۇش ئەمەلىيلەشتۇرۇلدى. تۆت ناھىيىدىكى نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلام خىزمىتىنى قانات يايدۇرغان بارلىق يېزا ـ بازارلاردا، ناھىيە دەرىجىلىك رەھبەرلەر دائىرە بويىچە نۇقتىنى تۇتۇش، دائىرە بويىچە مەسئۇل بولۇش تۈزۈمى بېكىتىلدى. باي ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئالتە مۇئاۋىن مۇدىرىدىن ھەر ئىككى ئادەم بىر گۇرۇپپا بولۇپ، ئۈچتىن تۆتكىچە يېزا ـ بازارنىڭ سايلام خىزمىتىگە مەسئۇل بولدى. كۇچا ناھىيىسىدە ھەر بىر يېزا ـ بازارغا بىر نەپەر ناھىيە دەرىجىلىك رەھبەر مەسئۇل بولدى. شايار ناھىيىسىدە ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى، ناھىيىلىك پارتكومنىڭ ئىككى مۇئاۋىن شۇجىسى، ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئۈچ مۇئاۋىن مۇدىرى، ناھىيىلىك پارتكومنىڭ بىر ياردەمچى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغۇچىسى بىردىن يېزا ـ بازارغا مەسئۇل بولدى. توقسۇ ناھىيىسىدە ھەر ئىككى نەپەر ناھىيە دەرىجىلىك رەھبەر بىر يېزا ـ بازارغا مەسئۇل بولدى. تۆت ناھىيىدە ھەر بىر يېزا ـ بازارغا خىزمەت ئەترىتى، ھەر بىر كەنت ئاھالىلەر كومىتېتىغا خىزمەت گۇرۇپپىسى ئەۋەتىلدى. ھەر بىر كەنتكە ئاز بولغاندىمۇ بىر نەپەر بۆلۈم دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىر باشچىلىق قىلدى.

3 . تەييارلىق خىزمەتلەر ئەمەلىيلەشتۇرۇلدى. تۆت ناھىيە ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتى ۋە ۋىلايەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى كومىتېتىنىڭ بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، قانۇنىي تەرتىپ ۋە ۋاقىت ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىغا قاتتىق ئەمەل قىلىپ، يېزا ـ بازارلىق خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلام خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇرۇش پىكرى ۋە لايىھىسىنى ۋاقتىدا تۈزۈپ، ناھىيىلىك پارتكومغا يوللاپ تەستىقلاتقاندىن كېيىن تۆۋەنگە تارقاتتى. «قابىل كىشىلەر» نى ئاجرىتىش، مەجبۇرىي ئادەم ئاجرىتىش پرىنسىپى بويىچە تۆت ناھىيە پۈتۈن ناھىيىدىكى ھەر قايسى ئورۇنلاردىن سىياسىي ساپاسى ياخشى، دېموكراتىيە ـ قانۇنچىلىق قارىشى ۋە سىياسىي ئىنتىزام قارىشى كۈچلۈك،

خىزمەتتە قابىلىيەتلىك بولغان رەھبەرىي تايانچلار ۋە كادىرلارنى ئاجرىتىپ خىزمەت ئەترىتى تەشكىللەپ، يېزا ـ بازارلارغا، كەنتلەرگە ئەۋەتىپ، سايلام خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلدى. يېزا ـ بازارلار ۋە سايلام رايونلىرىدىكى خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ سانى ۋە تەقسىملەش نىسبىتى بېكىتىلدى، سايلام رايونلىرىغا ئايرىش ئۆلچىمى تۈزۈلدى. پۇقرالارنى تەكشۈرۈش، تەكتىنى ئېنىقلاش خىزمىتى ۋە سايلىغۇچىلارنى تىزىملاش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، سايلىغۇچىلارنى تىزىملاشتا خاتا تىزىملاپ قويماسلىق، تىزىملاشتىن چۈشۈرۈپ قويماسلىق ۋە تەكرار تىزىملاپ قويماسلىق ئىشقا ئاشۇرۇلدى. شايار ناھىيىلىك سايلام ھەيئىتى ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسى، ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى ۋە ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسى بىلەن بىللە، پۈتۈن ناھىيىدىكى قولغا ئېلىنغان، تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقان خادىملارنى ئېنىقلاپ تىزىملاپ، ئەسلى يۇرتى شايارلىق قولغا ئېلىنغان 106 نەپەر تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقان ئادەملەرنىڭ سايلام ھوقۇقى بارلىقىنى مۇقىملاشتۇردى ھەمدە سايلىغۇچىلىققا تىزىملىدى. قولغا ئالغان ئورۇنلارغا ياردەملىشىپ رەسمىيەت بېجىرىپ، تۇرۇشلۇق سايلام رايونىدا سايلامغا قاتنىشىشنى ئورۇنلاشتۇردى.

4 . تەشۋىق قىلىش، قوزغىتىش ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى. تۆت ناھىيىدە يېزا ـ بازارلىق خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمىنى تەشۋىق قىلىش خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى قۇرۇلۇپ، تەشۋىقات خىزمىتى پىلانى تۈزۈلۈپ، تەشۋىقات تىزىسى ۋە پىلاكات شۇئارى بىر تۇتاش يېزىلىپ، ھەر قايسى يېزا ـ بازارلاردىن ئۇنى كەڭ كۆلەمدە چاپلاش تەلەپ قىلىندى، ناھىيىلىك رادىئو ئۇزېلى، تېلېۋىزىيە ئۇلاپ تارقىتىش ئىستانسىسىدا يېزا ـ بازارلىق خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلام خىزمىتى مەخسۇس پروگراممىسى تەسىس قىلىنىپ، ھەر كۈنى بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا تارقىتىلدى. كۇچا ناھىيىسى پۈتۈن ناھىيە بويىچە بارلىق سايلام رايونلىرىدا سايلىغۇچىلارنى نازارەت قىلىش ساندۇقى تەسىس قىلىپ، سايلىغۇچىلارنى تىزىملاش ۋە ئېلان قىلىش خىزمىتىگە نازارەتچىلىك قىلىشقا قوزغاتتى. شايار ۋە توقسۇ ناھىيىلىك سايلام ھەيئەتلىرى «ناھىيە بويىچە ھەر قايسى يېزا ـ بازارلاردىكى سايلىغۇچىلارغا بىر پارچە خەت» نى تارقىتىپ، سايلىغۇچىلارغا يېزا ـ بازارلىق خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمىنىڭ مەقسىتى ۋە ئەھمىيىتىنى، نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمىنىڭ تەرتىپى ۋە ئۇسۇلىنى تەشۋىق قىلدى. تۆت ناھىيىدىكى خ ق دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى تېلېۋىزىيە نۇتقى سۆزلىدى. سايلام رايونلىرىدا لوزۇنكىلار ئېسىلىپ، شوئارلار چاپلىنىپ، تەشۋىق قىلىش، قوزغىتىش داغدۇغىسى شەكىللىنىپ، تەشۋىقات ئۈنۈمى كېڭەيتىلدى.

5 . تەربىيىلەش ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى. تۆت ناھىيىدىكى ناھىيە، يېزا ئىككى دەرىجىلىك سايلام ھەيئەتلىرى سايلام تايانچىلىرىنى تەربىيىلەشنى نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلام خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ مۇھىم مەزمۇنى قىلىپ تۇتۇپ، ئەتراپلىق ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئەستايىدىل يولغا قويدى. تۆت ناھىيە بىر كۈندىن ئىككى كۈنگىچە تەربىيىلەش كۇرسى ئاچتى. ناھىيىلىك يېزا ـ بازارلىق خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمىغا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسىنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى ئۆزى بىۋاسىتە دەرس ئۆتۈپ، سايلام خىزمىتىنىڭ ھەر قايسى باسقۇچلىرىدىكى ئاساسلىق ۋەزىپىلەر ۋە كۆرۈلۈش ئېھتىمالى بولغان مەسىلىلەر، سايلامغا ئالاقىدار قانۇن، نىزاملارنى سۆزلەپ بەردى. ناھىيىلىك، يېزىلىق سايلامغا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزالىرى ۋە سايلام خىزمەت ئەترىتى ئەزالىرى ھەر بىر قىسىم سايلىغۇچىلارنى ئالاقىدار ھۆججەتلەر ۋە «ناھىيىلىك، يېزىلىق خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلام خىزمىتى قوللانمىسى» نى ئۆگىنىشكە تەشكىللىدى. تەربىيىلەش خىزمىتى جەريانىدا مەركەزلىك تەربىيىلەش، باسقۇچقا بۆلۈپ مەخسۇس تەربىيىلەش، يىغىن ئارقىلىق تەربىيىلەش، دائىرە بويىچە تەربىيىلەش، ئۆز ئورنىدا تەربىيىلەش قاتارلىق ئوخشاش بولمىغان شەكىللەر قوللىنىلدى.

6. كادىرلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى. تۆت ناھىيە 11 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن بۇرۇن نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمىدىن ئاۋۋالقى كادىرلارنى تەربىيىلەش تەييارلىق خىزمىتىنى تولۇق ئىشلەپ بولدى. ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ناھىيىلىك پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمىگە زىچ ماسلىشىپ، 3 تىن 4 كىچە كادىردىن تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، تەڭشىلىدىغان كادىرلارنى ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ، كادىرلارنى تەڭشەش لايىھىسىنى ناھىيىلىك پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇزاكىرە قىلىپ قارار قىلىشىغا تەييارلاپ بەردى، نۆۋەتتە تۆت ناھىيىنىڭ كادىرلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش تەييارلىقى ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى.

7. ھەيدەكچىلىك قىلىپ تەكشۈرۈش ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى. تۆت ناھىيە ھەيدەكچىلىك قىلىپ تەكشۈرۈش خىزمىتىنى نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلام خىزمىتىدىكى مۇھىم تەدبىر قىلىپ تۇتتى. ھەر بىر ناھىيە يېزا - بازارلىق خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلام خىزمىتى قەرەللىك يىغىن ئېچىش تۈزۈمى ئورنىتىپ، ھەر ھەپتىدە بىر قېتىم قەرەللىك يىغىن ئېچىپ، خىزمەت دوكلاتى ئاڭلاپ، ئالاقىدار مەسىلىلەرنى مۇزاكىرە قىلىپ ھەل قىلىپ، كېيىنكى باسقۇچلۇق خىزمەتلەرنى ئورۇنلاشتۇردى. ناھىيىلىك، يېزىلىق سايلامغا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى ئەزالىرى دائىم ھەر قايسى سايلام رايونلىرىغا چۆكۈپ خىزمەت سۈرئىتىنى ئىگىلەپ، سايلام خىزمىتى جەريانىدىكى ياخشى تەجرىبە ۋە ئۇسۇللارنى ۋاقتىدا بايقاپ ۋە كېڭەيتىپ، يېزا - بازارلىق خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلام خىزمىتىنىڭ ساغلام، ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى.

8. خىراجەت ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى. نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلام خىزمىتى باشلىنىشى بىلەنلا، تۆت ناھىيە سايلام مەخسۇس خىراجىتىنى ۋاقتىدا ئاجرىتىپ بەردى. نۆۋەتتە تۆت ناھىيە ئەمەلىيلەشتۈرگەن خىراجەت جەمئىي 360 مىڭ يۈەن (بۇنىڭ ئىچىدە كۇچا ناھىيىسى 270 مىڭ يۈەن، شايار ناھىيىسى 50 مىڭ يۈەن، باي ناھىيىسى 30 مىڭ يۈەن، توقسۇ ناھىيىسى 10 مىڭ يۈەن).

# سايلام كادىرلىرى دېھقانلارغا ئەمەلىي ئىش قىلىپ بەردى

يېزا - بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمى باشلانغاندىن بۇيان، سايلام خىزمىتىگە ئاجرىتىلغان ھەر قايسى كادىرلار ئامما ئارىسىغا بېرىپ «سايلام قانۇنى» قاتارلىق ئالاقىدار قانۇن، نىزاملارنى تەشۋىق قىلىش، سايلىغۇچىلارنى تىزىملاش، قانۇن بويىچە سايلام ئېلىپ بېرىش بىلەن بىرگە خەلق ئەھۋالى ۋە جەمئىيەت ئەھۋالىنى ئىگىلەشكە ماھىر بولۇپ، ئاممىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش داۋامىدىكى ئەمەلىي قىيىنچىلىقىنى ئىگىلىدى ۋە ھەل قىلىپ بەردى.

ئونسۇ ناھىيىسى جام بازىرىنىڭ قاشئېرىق كەنتىگە سايلامغا چۈشكەن كادىرلار ئەھۋال ئىگىلەش ئارقىلىق بىر قىسىم نامرات ئائىلىلەرنىڭ قىشلىق ئاش - ئوزۇقىنىڭ يوقلۇقىنى، كىيىم - كېچەكنىڭ يېتىشمەسلىكىنى بىلگەندىن كېيىن تەشەببۇسكارلىق بىلەن 1475 يۈەن نەق پۇل، 20 نەچچە قۇر كىيىم - كېچەك ئىئانە قىلىپ، 7 ئائىلىلىك تۇل خوتۇن، يېتىم - يېسىرلارغا بىر خالتىدىن ئاق ئۇن، ئۇن كىلوگرامدىن گۈرۈچ، ئىككى كىلوگرامدىن سۇ مېيى، ئۈچ قۇردىن ئارتۇق قىشلىق كىيىم، يۈز يۈەندىن نەق پۇل ئاپىرىپ بېرىپ، پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ غەمخورلۇقىنى، سوتسىيالىستىك چوڭ ئائىلىنىڭ ئىللىقلىقىنى يەتكۈزۈپ ئۇلارنىڭ غەم ئەندىشىسىنى تۈگەتتى.

ئەخمەتجان ئىدرىس

# لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ يېزا ـ بازارلىق خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلام خىزمىتى ساغلام ئېلىپ بېرىلدى

لوپنۇر ناھىيىسى قانۇندىكى بەلگىلىمىلەر ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك پارتكوم، خ ق دائىمىي كومىتېتلىرى ۋە سايلام خىزمىتى ئاپپاراتىنىڭ يېزا ـ بازارلىق خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلام خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدىكى تەلىپى بويىچە، ناھىيىمىزدىكى 9 يېزا ـ بازارنىڭ نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلام خىزمىتىنى باسقۇچ بويىچە قانات يايدۇردى.

بىرىنچى باسقۇچتا، سايلام ئاپپاراتلىرىنى قۇرۇپ چىقىپ، نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلام خىزمىتىنىڭ لايىھىسىنى تۈزۈپ چىقىپ، ناھىيىدىن 68 كىشىلىك، يېزا ـ بازارلاردىن 348 كىشىلىك خىزمەت ئەترىتىنى ئاجرىتىپ، 908 نەپەر تايانچ تەربىيىلىدى.

ئىككىنچى باسقۇچتا، «ئاساسىي قانۇن»، «سايلام قانۇنى»، «يەرلىك تەشكىلىي قانۇن»، «ئاپتونوم رايوننىڭ ناھىيە دەرىجىلىكتىن تۆۋەن خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنى بىۋاسىتە سايلاش تەپسىلىي قائىدىسى» قاتارلىقلارنى تەشۋىق قىلىپ، ناھىيىمىزنىڭ ھەر قايسى يېزا ـ بازارلىرىدا داغدۇغا پەيدا قىلدى. يېزا ـ بازارلاردا 124 پارچە لوزۇنكا ئېسىلدى، 2710 پارچە تەشۋىقات شوئارى يېزىلىپ چاپلاندى. رادىئودا 192 قېتىم تەشۋىق قىلىندى. ناھىيە بويىچە 10 سان قىسقا خەۋەر، يېزا ـ بازارلاردا 54 سان قىسقا خەۋەر چىقىرىلدى. 2000 پارچە سايلىغۇچىلارنى تىزىملاش جەدۋىلى تارقىتىلىپ، ناھىيىمىز يېزا ـ بازارلىرىدىكى 144 سايلام رايونىدا 27227 نەپەر سايلىغۇچى تىزىملاپ ئېلان قىلىندى.

ئۈچىنچى باسقۇچتا، سايلىغۇچىلارنى سەپەرۋەر قىلىش، نامزات كۆرسىتىش، قايتا ـ قايتا ئۇلغۇلا قىلىش ئارقىلىق 1029 نەپەر دەسلەپكى ۋەكىل نامزاتى، 605 نەپەر رەسمىي ۋەكىل نامزاتى كۆرسىتىلدى.

تۆتىنچى باسقۇچتا، دېموكراتىيىنى جارى قىلدۇرۇپ، قانۇنغا قاتتىق رىئايە قىلىپ، سايلىغۇچىلارنىڭ دېموكراتىيە ھوقۇقىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ئاساسىدا، 12 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنىدىكى ناھىيىمىزدىكى يېزا ـ بازارلارنىڭ ۋەكىل سايلاش كۈنىدە، ناھىيە بويىچە يېرىم كۈن سايلام ئېلىپ بېرىلىپ 7 يېزا، 2 بازاردىن 385 نەپەر يېزا ـ بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى سايلاپ چىقىلدى ھەمدە يېڭى بىر نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 1 ـ يىغىنىنىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرى ئەتراپلىق ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

**ھېمىت خېلىل**

## 26 خىل مىجەز ـ خاراكتېر

ئالىملار كىشىلەرنىڭ تۆۋەندىكى مىجەز ـ خاراكتېرىنىڭ باشقىلارنى بىزار قىلىدىغانلىقىنى بايقىغان: ئۆزىنىڭ تەقدىرى ۋە تۇرمۇشتىكى قىيىنچىلىقلىرىغا ھەمىشە ئاغرىنىپ يۈرۈش؛ ھەر قانداق ئادەمنىڭ سۆز ھەرىكىتىنى تەھلىل قىلىپ قوسۇر ئىزدەش؛ دائىم ماختانچاقلىق قىلىپ ئۆزىنىڭ ئىقتىدارسىز ئىكەنلىكىنى يوشۇرۇش؛ يېڭى شەيئى ۋە يېڭى تەجرىبىلەرنى سىناپ كۆرۈشتىن باش تارتىپ ھەممىنى ئىنكار قىلىش؛ سۆزى قوپال، ئېتىقادسىز بولۇش؛ باشقىلارغا ياخشى كۆرۈنۈشنى ئويلاپ تەخسكەشلىك ۋە خۇشامەتچىلىك قىلىش؛ قىلچىلىك مۇستەقىل كۆز قارىشى بولماسلىق؛ «ئاكاڭ قارىغاي دۇنيادا بىر» دەپ ئۆزىنى چوڭ تۇتۇش؛ مىجەزى شاللاقلىق ۋە ساددا بولۇش؛ زەھەرخەندىلىك بىلەن باشقىلارنىڭ يېغىرىنى ناتىلاپ ئەيىبىنى ئېچىش؛ يامان نىيىتى كۆپ بولۇش؛ گېپى كۆپ تەكرارلاش ھەمدە دائىم ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان پائالىيەتلەرنى ئاساسىي تېما قىلىپ سۆزلەش، باشقىلارنىڭ ھېسسىياتى ياكى ئىنكاسى بىلەن كارى بولماسلىق؛ كوللېكتىپ پائالىيەتلەرگە سوغوق مۇئامىلىدە بولۇپ ئېتىبارسىز قاراش؛ ئادەم ۋە ئىشقا ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلماسلىق؛ باشقىلارنىڭ سىرىنى ئېچىپ خالىغانچە ھاقارەتلەش؛ ھەددىدىن زىيادە بېخىللىق قىلىش، پۇرسەت چىقسىلا باشقىلارنى ئالداش؛ داڭلىق كىشىلەرنىڭ نامىنى شېپى كەلتۈرۈپ ئۆزىنى ماختاپ دەرىجىسىنى ئۈستۈرۈش؛ ئۆچرىغانلىكى كىشىگە سورىسىمۇ ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى يېپىدىن ـ يىڭنىسىغىچە سۆزلەش؛ دائىم باشقىلارنىڭ قىزغىنلىقىغا سۇ سېپىپ كەيپىنى ئۇچۇرۇش؛ باشقىلارنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، ئۆزى پىكىر بايان قىلىش؛ «يۇكسەك قابىلىيەت ئىگىسى» بولۇۋېلىپ ھەممە ئىشقا چات كىرىش؛ كەمتەرلىكنى چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىش؛ سۇنئىيلىكتە ئادەمنىڭ غىدىقىنى كەلتۈرۈش؛ ياسالمىلىق قىلىش؛ چاۋىسى چىقىپ يېيىلمىسىمۇ «بۇ دېگەن كىچىك ئىشلار» دەپ بىزەڭلىك قىلىپ يۈرۈۋېرىش؛ باشقىلارغا لەقەم قويۇپ يېتەرسىزلىكىنى مازاق قىلىش؛ ۋەسۋەسە تۇرماسلىق.

**ئىمىن ھاشىم**

# ساۋەن ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى يېزا - بازارلىق خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلام خىزمىتىگە ئەھمىيەت بەردى

ساۋەن ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى بۇ قېتىمقى يېزا - بازارلىق خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمىدىكى تەييارلىق خىزمەتلىرىنى چىڭ تۇتۇپ ياخشى ئىشلىدى. ئاساسلىقى سايلام خىزمىتى ئاپپاراتلىرىنى تەسىس قىلىش، سايلام خىزمىتى لايىھىسىنى تۈزۈش، سايلام خىزمىتى كادىرلىرىنى تەربىيىلەش ۋە نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمى بويىچە تەشۋىق قىلىش، سەپەرۋەر قىلىشقا ئەھمىيەت بەردى.

سايلام خىزمىتى كادىرلىرىنى تەربىيىلەش ئۈچۈن، ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى يەنە ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتىدىن مەخسۇس ئادەم تەكلىپ قىلىپ 11 - ئاينىڭ 13 - كۈنى سايلام خىزمىتى كادىرلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسى ئاچتى. كۇرستا « جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ سايلام قانۇنى »، « جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ تەشكىلىي قانۇنى »، « شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ناھىيە دەرىجىلىكتىن تۆۋەن خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنى بىۋاسىتە سايلاش تەپسىلىي قائىدىسى » قاتارلىق قانۇن، نىزاملارنى ئەستايىدىل ئۆگەندى.

بۇ قېتىمقى سايلام خىزمىتى كادىرلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسىغا سايلام خىزمىتى كادىرلىرى، يېزا - بازارلىق خ ق ھەيئەت رىياسىتى كادىرلىرى ۋە ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى خىزمەتچىلىرىدىن بولۇپ جەمئىي 200 دىن ئارتۇق ئادەم قاتناشتى.

**مۇنىرە ئابلا**

# چىرا ناھىيىسىدە يېزا - بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمىنىڭ ئېلىپ بېرىلىشىغا ياخشى ئاساس سېلىندى

چىرا ناھىيىسىدە يېزا - بازارلىق خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلام خىزمىتىنىڭ قانۇنىي تەرتىپ بويىچە ياخشى ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن ھەر دەرىجىلىك سايلام ئاپپاراتلىرى مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ، تايانچىلار تەربىيىلىنىپ، يېزا ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيىتى قۇرۇلۇشىنى ھەقىقىي كۈچەيتىشكە ياخشى ئاساس سېلىندى. ناھىيىدە ئون كىشىدىن تەشكىل تاپقان سايلام كومىتېتى قۇرۇلدى. ھەر قايسى يېزا - بازارلاردىمۇ 5 تىن 9 غىچە كىشىدىن تەركىب تاپقان سايلام كومىتېتى ۋە كومىتېت قارمىقىدا سايلام ئىشخانىلىرى قۇرۇلۇپ خادىملار تولۇق سەپلەندى. ھەر قايسى سايلام رايونلىرىدا 3 تىن 5 كىچە كىشىدىن تەشكىل تاپقان سايلامغا رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى.

ناھىيە بويىچە ھەر قايسى يېزا، بازارلىق پارتكوملاردىن نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلام خىزمىتىگە مەخسۇس مەسئۇل بولغانلارغا 2 كۈن تايانچىلارنى تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىلدى. كۇرستا باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ « ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش » مۇھىم ئىدىيىسى، « 1 - ئىيۇل » دا قىلىنغان سۆزى ۋە پارتىيە 15 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 6 - ئو-

مۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىشكە بىرلەشتۈرۈپ، ئاساسىي قانۇن ، سايلام قانۇنى ، يەرلىك تەشكىلىي قانۇن ۋە « ئاپتونوم رايوننىڭ بىۋاسىتە سايلامنى يولغا قويۇش تەپسىلىي پرىنسىپى » ۋە باشقا ئالاقىدار ھۆججەتلەر ئۆگىنىلدى. ئۆگىنىش ئارقىلىق كورسانتلارنىڭ بۇ قېتىمقى يېزا، بازارلىق خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمىنىڭ ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشىدىكى چوڭ ئىش ئىكەنلىكىگە، پارتىيە رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىپ، قەتئىي قانۇن بويىچە ئىش قىلىپ، خەلقنىڭ مەنپە ئەتى ۋە ئارزۇسىغا ۋەكىللىك قىلالايدىغان، ۋەكىللىك بۇرچىنى ئادا قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولغان يېزا ـ بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنى ۋە پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىدە چىڭ تۇرۇپ، ھۆكۈمەت ئىشىدا پاك ، قانۇن بويىچە ئىش قىلىدىغان ، خەلق ئاممىسى ھىمايە قىلىدىغان يېزا ـ بازارلىق ھاكىمىيەت رەھبەرلىك بەنزىسى سايلاپ چىقىشنىڭ زۆرۈرلۈكىگە بولغان تونۇش چوڭقۇرلاشتۇرۇلدى . ئاخىردا كورسانتلاردىن ئىمتىھان ئېلىندى.

# بەشئېرىق بازىرىدا نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلام خىزمىتى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلدى

ئاۋات ناھىيىسىنىڭ بەشئېرىق بازىرى يېڭى بىر نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلام خىزمىتىنى ياخشى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن، بازارلىق پارتكوم، خ ق ھەيئەت رىياسەتتى رەھبەرلىكنى كۈچەيتىش ئارقىلىق، ئالدى بىلەن 9 كىشىدىن تەركىب تاپقان بازارلىق سايلام ھەيئىتى قۇرۇپ، ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلام خىزمىتى لايىھىسىگە ئاساسەن بۇ خىزمەتنى قانۇنىي تەرتىپ بويىچە ئەستايىدىل ياخشى ئىشلىدى . بازار بويىچە 29 سايلام رايونى ، 118 سايلىغۇچىلار گورۇپپىسىغا جەمئىي 83 نەپەر ناھىيە ۋە بازار دەرىجىلىك كادىرلارنى ئاجراتتى.

ئالدى بىلەن نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمى سەپەرۋەرلىك چوڭ يىغىنى ئېچىلدى. ھەر قايسى سايلام رايونلىرىدا پۈتۈن بازار بويىچە 33 مىڭ 374 نوپۇس ۋە 18 مىڭ 790 سايلىغۇچى تىزىملاندى. تەشۋىقات جەريانىدا ئاپتونوم رايون ، ۋىلايەت ۋە ناھىيىنىڭ نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلام خىزمىتىگە دائىر ئالاقىدار ھۆججەتلىرى تەشۋىق قىلىندى. تەشۋىقات ئاڭلىغانلار 146 مىڭ 800 ئادەم قېتىمغا يەتتى.

قۇۋانخان ئىسمايىل

# لوپ ناھىيىسىدە يېزىلىق ، بازارلىق خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلام خىزمىتى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلماقتا

ناھىيىلىك پارتكوم، ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى سايلام خىزمىتىنىڭ ئوڭۇشلۇق، ساغلام ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش، ھەر مىللەت سايلىغۇچىلارنىڭ دېموكراتىك ھوقۇقىنى ئەستايىدىل يۈرگۈزۈش ئۈچۈن ناھىيىدە 11 كىشىلىك سايلامغا رەھبەرلىك قىلىش گورۇپپىسى، يېزا ـ بازارلاردا 7 ~ 9 كىشىدىن تەركىب تاپقان 88 سايلام ھەيئىتى تەسىس قىلدى. ھەر قايسى كەنتلەردە 7 ~ 5 كىشىدىن تەركىب تاپقان سايلام رەھبەرلىك گورۇپپىسى قۇرۇلدى. يېزا ـ بازارلىق سايلام ھەيئىتى قانۇن ئېڭى كۈچلۈك، سىياسىي ساپاسى يۇقىرى بولغان 324 نەپەر كادىر ئاجرىتىپ، ھەر قايسى سايلام نۇقتىلىرىغا ئەۋەتتى. ئومۇمەن بۇ قېتىمقى سايلامنى ياخشى ئېلىپ بېرىشنىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرى ياخشى ئىشلەندى ھەم كۈچلۈك تەشكىلىي كاپالەتكە ئىگە قىلىندى. تايانچلارنى تەربىيىلەش، تەشۋىق قىلىش، سەپەرۋەر قىلىش بۇ قېتىمقى نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمىغا سىڭدۈرۈلدى.

ناھىيىمىزدىكى يېزا ـ بازار ۋە ھەر قايسى كەنت، ئاھالە كومىتېتلىرى 273 سايلام رايونىغا ئايرىلدى، ناھىيىدە ئېچىلغان سايلام، سەپەرۋەرلىك يىغىنىدىن كېيىن ھەر قايسى يېزا ـ بازارلار ئارقا ـ ئارقىدىن سەپەرۋەرلىك يىغىنلىرى ۋە سايلام تايانچلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسى ئاچتى. كۇرس داۋامىدا ئاساسىي قانۇن، سايلام قانۇنى، يەرلىك تەشكىلىي قانۇن ۋە سايلامغا ئالاقىدار تۈرلۈك ماتېرىياللار كەڭ ئۆگىنىش قىلىندى ۋە تەشۋىق قىلىندى، بۇ ئارقىلىق يېزا ـ بازارلاردىكى ھەر مىللەت سايلىغۇچىلارنىڭ بۇ قېتىمقى نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمىنىڭ مەقسىتى، ئەھمىيىتىگە بولغان تونۇشى ئۆستى. ھازىر بۇ ناھىيىدە يېزا ـ بازارلىق خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلام خىزمىتى تەرتىپلىك، ئوڭۇشلۇق قانات يايماقتا.

**نۇرمۇھەممەت مەخمۇت**

# چىرا ناھىيىسىدە يېزا ـ بازارلىق خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلام خىزمىتى ئومۇميۈزلۈك باشلىنىپ كەتتى

خوتەن ۋىلايەتلىك پارتكوم، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى كومىتېتى ۋىلايەت بويىچە 3 ـ قېتىملىق خەلق قۇرۇلتىيى مۇھاكىمە يىغىنى ئېچىپ، يېزا ـ بازارلىق خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلام خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇرغاندىن كېيىن چىرا ناھىيىلىك پارتكوم، ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى بۇ خىزمەتكە ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى. يىغىن روھىنى مۇئەييەن دائىرىدە يەتكۈزدى ۋە ئىزچىللاشتۇردى. يېزا ـ بازارلىق خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ نۆۋەت ئالماشتۇرۇش خىزمىتىنى يېزا ـ بازارلارنىڭ باش شۇجى جىياڭ زېمىننىڭ «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇشنىڭ، يېزا ـ بازارلارنىڭ ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنىڭ ۋە يېزا ـ بازارلارنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ سالمىقىنى ئاشۇرۇشنىڭ توپ تەدبىرى قاتارىدا چىڭ تۇتتى.

1. ناھىيە، يېزا دەرىجىلىك سايلام ھەيئەتلىرى قۇرۇلۇپ، نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلام خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىك كۈچەيتىلدى. ئىخچام، كۈچلۈك، قولايلىق خىزمەت ئاپپاراتلىرىنى تەسىس قىلىپ، نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلام خىزمىتىنىڭ كونكرېت تۈرلىرىگە مەسئۇل قىلىندى.

2. ناھىيە، يېزا دەرىجىلىك سايلام كومىتېتىنىڭ تەشكىللىشى بىلەن يېزا ـ بازارلىق پارتكوم، خ ق ھەيئەت رىياسەتچىلىكىنىڭ رەئىسلىرى، كەنت كادىرلىرى ۋە خىزمەتچى خادىملاردىن بولۇپ جەمئىي 300 كىشى قاتناشقان سايلام تايانچلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىلىپ، «سايلام قانۇنى»، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ناھىيە دەرىجىلىكتىن تۆۋەن خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنى بىۋاسىتە سايلاش تەپسىلىي قائىدىسى» قاتارلىق قانۇن ـ نىزاملارنى ئۆگىنىپ، خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنى سايلاشنىڭ ئىدىيىۋى ئاساسىنى ياخشى قۇرۇپ، بىر ياخشى يېزا ـ بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى، بىر ياخشى خ ق ھەيئەت رىياسەتچىلىكى سايلاپ چىقىشنى ئۈنۈملۈك ئىجتىمائىي كاپالەت بىلەن تەمىنلىدى.

3. ناھىيىگە قاراشلىق ئىدارە ـ ئورگانلاردىن قاۋۇل، خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان يېزا، بۆلۈم دەرىجىلىك ئون كادىرنى ئاجرىتىپ، سايلام خىزمىتىنى ئۇيۇشتۇرۇش، تەشكىللەشكە ئەۋەتىپ سايلام خىزمىتىنى كۈچلۈك تەشكىلىي كاپالەتكە ئىگە قىلدى.

## لوپنۇر ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى نازارەتچىلىك سالمىقىنى ئاشۇردى

لوپنۇر ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمەت مۇھىم نۇقتىلىرىغا ئاساسەن دائىمىي كومىتېت مۇدىرلار يىغىنى مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ 24 - يىغىنىدا ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ياۋايى ھايۋانلارنى قوغداش قانۇنى»، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مەدەنىيەت بازارلىرىنى باشقۇرۇش نىزامى»، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ پىلانلىق تۇغۇت چارىسى» قاتارلىق بىر قانۇن، ئىككى نىزامنى ئىجرا قىلىش ۋە يولغا قويۇش ئەھۋالىدىن دوكلات ئاڭلاش ۋە قاراپ چىقىش ھەمدە ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ بىر نەپەر مۇئاۋىن ھاكىمىنىڭ ۋەزىپە ئۆتەش ئەھۋالىنى باھالاشنى قارار قىلغانىدى.

دائىمىي كومىتېت مۇدىرلار يىغىنىنىڭ قارارىغا ئاساسەن، دائىمىي كومىتېتنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ۋە بىر مەخسۇس ۋەزىپىدىكى كومىتېت ئەزاسى ۋە 20 نەپەر ئالاقىدار خادىم ۋە خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىدىن تەشكىللەنگەن تۆت تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنى باشلاپ، تەكشۈرۈپ ئەھۋال ئىگىلەش ئۈچۈن ئاساسىي قاتلامغا بېرىپ يۇقىرىقى قانۇن، نىزاملارنىڭ ئىجراسىغا بولغان نازارەتچىلىكنى كۈچەيتتى

**ھېمىت خېلىل**

## ئاقتۇ ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى ناھىيە دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنى ئاقتۇ ناھىيىسىنىڭ سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشىنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە تەشكىللىدى

ئاقتۇ ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى بۇلتۇر 11 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ناھىيىگە قاراشلىق يېزا - بازارلاردىكى ناھىيە دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنى ئاقتۇ ناھىيىسىنىڭ بۇلتۇر بىر يىل ئىچىدە 17 مىليون 529 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشىنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە تەشكىللىدى.

بۇ سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 33 كىلومېتىردىن ئارتۇق بولۇپ، بۇ پۈتۈن ئۆستەڭ ئارقىلىق ئاقتۇ ناھىيىسىنىڭ ئۆزىمە، بارىن، پىلال، ئاقتۇ بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى قاتارلىق يېزا - بازار، مەيدانلاردىن 336 مىڭ مو كۆلەم سۇغۇرۇلىدىغان بولۇپ ناھىيە تارىخىدا دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ۋەكىللەر قۇرۇلۇشنىڭ ئومۇمىي كۆلىمىنى كۆزدىن كەچۈرگەندىن كېيىن تېخنىك خادىملارنىڭ ئەھۋال تونۇشتۇرۇشىغا ئاساسەن ئاقتۇ ناھىيىسىدىكى 160 مىڭدىن ئارتۇق خەلق ئاممىسىنىڭ جانىجان مەنپەئەتىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان بۇ قۇرۇلۇشنىڭ تەلەپ بويىچە پۈتتۈرۈلۈشىگە كاپالەتلىك قىلىشنى تەلەپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە ۋەكىللەر قۇرۇلۇشنى كۆزدىن كەچۈرگەندىن كېيىن پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ غەربىي رايونلارنى ئېچىشتا ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا بەرگەن ياردىمىنى كەڭ خەلق ئاممىسىغا كەڭ تەشۋىق قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

**بەردالى تاش**

## ياتۇر يېزىسى «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىغا مۇشتەرى قوبۇل قىلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىدى

باي ناھىيىسىنىڭ ياتۇر يېزىلىق خ ق ھەيئەت رىياسەتى 2002 - يىللىق گېزىت - ژۇرناللارغا مۇشتەرى قوبۇل قىلىش پەيتى يېتىپ كېلىشى بىلەنلا، 2002 - يىللىق «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىغا مۇشتەرى قوبۇل قىلىش خىزمىتىنى نۆۋەتتىكى خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى قاتارىدا چىڭ تۇتۇپ، «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىغا مۇشتەرى قوبۇل قىلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىدى. يېزىلىق خ ق ھەيئەت رىياسەتى مەخسۇس يىغىن ئېچىپ ھەر قايسى كەنت، ئىدارە - ئورگانلار، ۋەكىللەر گۇرۇپپىلىرى ۋە ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنى 2002 - يىللىق «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىغا مۇشتەرى بولۇشقا سەپەرۋەر قىلدى ھەمدە ھۆججەت تارقىتىپ، ھەر قايسى ئورۇنلارغا مۇشتەرى بولۇش ۋەزىپە كۆرسەتكۈچى چۈشۈرۈپ بەردى. بۇنىڭ بىلەن 2002 - يىللىق «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىنىڭ تىرىژى ئالدىنقى يىلدىكىدىن كۆپەيدى.

**قۇربان مولنىياز**

## ئابلىمىت ئابلانىڭ ۋەكىللىك سالاھىيىتى ئېلىپ تاشلاندى

توقسۇ ناھىيە ئۈچقات يېزىلىق خ ق ھەيئەت رىياسەتىنىڭ تەكلىپ بېرىشى، ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن، ۋەكىللىك بۇرچىنى ئۇنتۇپ ھەم خىزمىتىدىكى قولايلىقتىن پايدىلىنىپ، ئۈچقات يېزىلىق تەمىنات - سودا كوپېراتىپىنىڭ 270 مىڭ يۈەن پۇلىغا خىيانەت قىلغان ناھىيىلىك 12 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى ئابلىمىت ئابلا 2001 - يىل 11 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ۋەكىللىك سالاھىيىتىدىن ئېلىپ تاشلاندى.

**پەرھات بارات**

## غۇلجا ناھىيىسى يېزىلارنىڭ توك باھاسىنى تەڭشىدى

يېقىندا، غۇلجا ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەر بىلەن ۋەكىللەرنى تەشكىللەپ يېزىنىڭ توك بىلەن تەمىنلەش تارماقلىرىغا بېرىپ، ئەمەلىي ئەھۋالنى ئىگىلىدى.

ئىگىلىگەن ئەھۋالدىن قارىغاندا، بۇ ناھىيىنىڭ يېزىلار ئارا توك باھاسى ئوخشاش بولمىغان. بەزى يېزىلاردا بىر ۋات توك باھاسى 10 . 1 يۈەن، بەزى يېزىلاردا 20 . 1 يۈەن، يەنە بەزى يېزىلاردا 50 . 1 يۈەن بولۇپ، بۇنىڭغا ئاممىنىڭ ئىنكاسى ئىنتايىن كۈچلۈك بولغان. ناھىيىلىك توك بىلەن تەمىنلەش ئىدارىسىنىڭ ئىنكاس قىلىشىچە، يېزىلارنىڭ توك باھاسىنى ھەر قايسى يېزىلىق توك بىلەن تەمىنلەش تارماقلىرى توك يوللىرىنىڭ ئۇزۇن - قىسقىلىقى، توك سىملىرىنىڭ ياخشى - ناچارلىقى تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان خوراش دەرىجىسىگە قاراپ بېكىتىدىكەن. بۇ ئەھۋالغا قارىتا ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى ئىككى تۈرلۈك تەكلىپنى ئوتتۇرىغا قويدى. بىرى، توك بىلەن تەمىنلەش تارماقلىرى يېزا توك يوللىرىنى ئۆزگەرتىش قەدىمىنى تېزلىتىپ، توك يوللىرىنى ئۆزگەرتىش ۋەزىپىسىنى تېزدىن تاماملاش، ئىككىنچىسى، يېزا توك يوللىرىنى ئۆزگەرتىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداپ بولغاندىن كېيىن، پۈتكۈل ناھىيە يېزىلىرىدا توك باھاسىنى بىر تۇتاش قىلىش. ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك نازارەتچىلىكىدە توك بىلەن تەمىنلەش تارماقلىرى جاپالىق ئىشلەپ بىرىنچى تۈركۈملۈك توك يوللىرىنى ئۆزگەرتىش ۋەزىپىسىنى تاماملاپ، ناھىيە بويىچە يېزىلارنىڭ بىر ۋات توك پۇلىنى بىر تۇتاش بىر يۈەنگە چۈشۈردى.

**ئۆمەر ئىسمايىل**

## ئونسۇ ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى تەكلىپلەرنىڭ بېجىرىلىش نىسبىتىنى 100%كە يەتكۈزدى

ئونسۇ ناھىيىلىك 9 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلـ
تىيىنىڭ 4 ـ يىغىنىدا خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى
ئۆز بۇرچىنى تولۇق ئادا قىلىپ، سىياسىي، ئىقـ
تىساد، مائارىپ، مەنىۋى مەدەنىيلىك، دېموكراتىـ
يە ـ قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى توغرىسىدا 134 تۈرلۈك
پىكىر، ئىككى تۈرلۈك تەكلىپ بەرگەنىدى. ناھىـ
يىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ 23 ـ يىغىنىدا بۇ
تەكلىپلەر توغرىسىدا مەخسۇس دوكلات بېرىلىپ،
ئالاقىدار ئورۇنلاردىن بۇ تەكلىپلەرنى 7 ـ ئاينىڭ ئاـ
خىرىدىن بۇرۇن بېجىرىپ بولۇش تەلەپ قىلىندى ھەم
تەكلىپلەرنىڭ بېجىرىلىش ئۈنۈمى ۋە سۈپىتىگە قاتـ
تىق تەلەپ قويدى. بېجىرگۈچى ئورۇنلار ۋەكىلـ
لەرگە، خەلققە يۈكسەك مەسئۇل بولۇش پوزىتسىـ
يىسى بىلەن، پىكىر، تەلەپلەرنى بېجىرىشنى يەنىمۇ
چىڭ تۇتۇپ، مەخسۇس ئادەم بەلگىلەپ، ۋەكىللەرگە
ئەۋەتىپ بەردى. ھازىرغىچە 90% پىكىر، تەكلىپـ
لەرنىڭ بېجىرىلىش ئەھۋالى توغرىسىدىكى جاۋاب ۋەـ
كىللەرنىڭ قولىغا يەتكۈزۈلۈپ، ئۈنۈمى ئىلگىرىكى
يىللاردىكىدىن يۇقىرى بولدى. ھۆكۈمەتنىڭ 33
فۇنكسىيىلىك تارمىقىغا بېجىرىشكە تاپشۇرۇلغان 133
تەكلىپ ھازىرغا قەدەر تولۇق بېجىرىلىپ بولدى.
بىر تەكلىپ ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ
بېجىرىشىگە تاپشۇرۇلۇپ، سۈرۈك ئىچىدە بېجىـ
رىلدى. بېجىرىلگەن تەكلىپلەرنىڭ ئىچىدە ھازىرـ
غىچە ھەل قىلىنغىنى 17 تۈرلۈك بولۇپ، پىكىر
ئومۇمىي سانىنىڭ 12.7% نى ئىگىلىدى. 82
تۈرلۈك پىكىر يۇقىرى دەرىجىلىك تارماقلارنىڭ ھەل
قىلىشىغا يوللاندى. بۇنىڭ بىلەن خەلق ئاممىسى
ئومۇميۈزلۈك كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان قىزىق نۇقتا، قىـ
يىن نۇقتا مەسىلىلىرى ھەل قىلىنىپ، ناھىيە
ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ ئۈزلۈكسىز، ساغلام تەـ
رەققىي قىلىشى ئىلگىرى سۈرۈلدى.

نۇرگۈل ئوسمان

## بىر ۋەكىلنىڭ يول كۆرسىتىشى بىلەن ئىككى مىڭ يۈەن جەرىمانە ئىگىسىگە قايتۇرۇلدى

گۇما ناھىيىسىنىڭ سانجۇ يېزىسىدىكى يەككە
رېمونتچى تۇرغۇن ھاپىز يېقىندا بازاردىن كېرەكلىك
زاپچاسلارنى سېتىۋېلىپ، قول تراكتورنىڭ كوزۇپىنى
ياساپ ئائىلىسىدە ئىشلەتكەنلىكتىن، ناھىيىلىك
سۈپەت ـ تېخنىكا نازارەتچىلىك ئىدارىسى ئۇنىڭغا
ئىككى مىڭ يۈەن جەرىمانە قويىدۇ. ئۇ بۇ ئىش توغـ
رىسىدا ئالاقىدار ئورۇنلارغا بېرىپمۇ قانائەتلىنەرلىك
جاۋابقا ئېرىشەلمەيدۇ. ئاپتونوم رايونلۇق 9 ـ نۆۋەتلىك
خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، يەككە تىجارەتچى ئابـ
دۇغېنى ئىسمايىل بۇ ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن
ئۇنى خ ق دائىمىي كومىتېتى ئەرزىيەت بۆلۈمىگە
باشلاپ كېلىدۇ. تۇرغۇن ھاپىزنىڭ كوزۇپنى ياساپ
ئىشلەتكەنلىكى قانۇنغا ئۇيغۇن بولۇپ، سۈپەت ـ
تېخنىكا نازارەتچىلىك ئىدارىسىنىڭ جەرىمانە قويۇشى
يولسىز بولغاچقا، ئەرزىيەت بۆلۈمى مەزكۇرنىڭ جەـ
رىمانىسىنى دەرھال قايتۇرۇشنى بۇيرۇيدۇ. بۇنىڭ
بىلەن ئۇنىڭ قانۇنلۇق مەنپەئىتى قوغداپ قېلىنىدۇ.

ئابلىمىت توختىباقى

## قاغىلىق ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى 6 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ « قارارى » نى ئىزچىللاشتۇرۇشنى چىڭ تۇتتى

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 15 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 6 - ئومۇمىي يىغىنى دىڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، « ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش » مۇھىم ئىدىيىسىنى يېتەكچى قىلىپ، پارتىيىنىڭ ئىستىل قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش توغرىسىدا مۇھىم قارار چىقاردى. قاغىلىق ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى « قارار » نىڭ مەزمۇنىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇش ئۈچۈن ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى پارتگورۇپپىسىنىڭ كېڭەيتىلگەن يىغىنىنى ئېچىپ، « قارار » نىڭ مەزمۇنىنى ئۆگىنىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئۇنى قانداق ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا مەخسۇس مۇزاكىرىگە تەشكىللەپ، « قارار » نى ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا بىر قاتار بەلگىلىمىلەرنى تۈزدى. 2001 - يىل 10 - ئاينىڭ 30 - كۈنى قاغىلىق ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ 27 - يىغىنىدا قاغىلىق ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلىگەندە پاكلىق قەسىمى بېرىش تۈزۈمىنى ئورنىتىش توغرىسىدا قارار چىقاردى. بۇ قاراردا پاكلىق قەسەمنامىسى بېرىدىغان خادىملار، قەسەم بېرىش ۋاقتى، پاكلىق قەسەمنامىسىنىڭ مەزمۇنى، پاكلىق قەسىمى بەرگۈچىلەرنىڭ پاكلىق قەسىمىنى ئىجرا قىلىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ۋە نازارەت قىلىش ئۇسۇللىرى توغرىسىدا كونكرېت تەلەپلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى. ھەمدە پاكلىق قەسىمى بېرىش خىزمىتىنى تۈزۈملەشتۈرۈش ئارقىلىق خ ق دائىمىي كومىتېتى قانۇن نازارەتچىلىكى، خىزمەت نازارەتچىلىكىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا ئېنىق تەلەپلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

يۈسۈپجان سىدىق


## پېشقەدەم پارتىيە ئەزاسىنىڭ دىلى مېھرىبانلىقتىن سۆيۈندى

كېرىيە ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىدىكى بارلىق ئىشچى - خىزمەتچىلەر بەس - بەستە ئىئانە توپلاپ، قىيىنچىلىقى بار بىر پېشقەدەم پارتىيە ئەزاسىنىڭ قىشتىن خاتىرجەم ئۆتۈشى ئۈچۈن شارائىت ھازىرلاپ بەردى.

بۇ خ ق دائىمىي كومىتېتى بىر قانچە يىللاردىن بېرى، ئۆزى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش نۇقتىسى قىلىپ تۇتقان ئارال يېزا، ئارالئېرىق كەنتىگە مېھىر - شەپقەت قوللىرىنى دائىم سۇنۇپ تۇردى. بولۇپمۇ بۇ يىل « ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش » تەربىيىسى ئېلىپ بېرىلغاندىن بېرى، بۇ خ ق دائىمىي كومىتېتىدىكى بارلىق ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ سىياسىي، ئىدىيىۋى ئېڭى، ئاممىغا قىزغىن مۇئامىلىدە بولۇش ئىستىكى يەنىمۇ ئۆسۈپ، باشقىلارنىڭ قىيىنچىلىقىنى ئۆزىنىڭ قىيىنچىلىقى دەپ بىلىدىغان كەيپىيات بارلىققا كەلدى. ئىگىلىنىشىچە ئارالئېرىق كەنتى 2 - مەھەللە گورۇپپىسىدا ئولتۇرۇشلۇق ئىمىن قۇربان ئىسىملىك پېشقەدەم پارتىيە ئەزاسىنىڭ قىشتىن خاتىرجەم ئۆتۈۋېلىشى ئۈچۈن بۇ كومىتېتتىكى بارلىق ئىشچى - خىزمەتچىلەر بەس - بەستە پۇل ئىئانە توپلاپ 216.00 يۈەننى ئۇنىڭ قولىغا تاپشۇرۇپ بەردى. بۇ باققۇچىسى يوق پېشقەدەم پارتىيە ئەزاسى كۆزىگە ئىسسىق ياش ئېلىپ « مېنىڭ پارتىيىگە قوشقان ھەسسەمنى كېيىنكى ئىز باسارلار ئۇنۇتۇپ قالماپتۇ، سىلەرگە كۆپتىن - كۆپ رەھمەت » دېدى.

بۇ خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى مۇھەممەتجان غوپۇر سىزنىڭ ئاخىرقى ئۆمرىڭىزنى خاتىرجەم ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن بىز ھەر دائىم سىز بىلەن ئالاقىلىشىپ تۇرىمىز ھەمدە ئەمەلىي قىيىنچىلىقىڭىزنى بىرلىكتە يېڭىمىز، سىز خاتىرجەم بولۇڭ، خ ق دائىمىي كومىتېتىدىكى بارلىق ئوغۇل - قىزلار سىزنىڭ پەرزەنتىڭىز دېگىنىدە، ئۇنىڭ ئەتراپىتىكى قولۇم - قوشنىلىرى خۇشاللىقىدىن قىزغىن چاۋاك چېلىشتى.


ئەمەتجان ھېيىت



# ئاھ ، دىپلوم

( ھېكايە )

باتۇرجان ئاتىخان ( تاجىك )



مېنىڭ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇيالمىغانلىقىم راست، شۇنداقتىمۇ ئوتتۇرا تېخنىكومنى پۈتتۈرگەنلىكىمگە قارىماي ئەمەلىي خىزمەتلەردە ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، بىرەر دوكلاتنى ئەپلەشتۈرۈپ يازالماي كېلىۋاتقان داڭدار ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدىن خىزمەت نەتىجەمنىڭ يۇقىرى تۇرىدىغانلىقىنى ناھىيىمىزدىكى ھەممە كىشى بىلىدۇ. يېقىندا، شۇ سەۋەبتىنمىكىن، ئۇچرىغانلىكى تونۇش ـ بىلىش، خىزمەتداشلىرىم « دىلنەزەر، ئامىتىڭىز كەلگۈدەك، ئاڭلىساق ناھىيە پات ئارىدا بىر قىسىم فۇنكسىيىلىك تارماقلارنىڭ مەسئۇللىقىغا ئاشكارا ئىمتىھان ئېلىش ئارقىلىق خادىم بېكىتكۈدەك، سىز بىرگە ماھىر، كۆپكە قادىر زىيالىي، ئىمتىھانغا قاتنىشىڭ » دېيىشىدىغان بولۇۋالدى.

باشقىلار ئېيتىپ يۈرگەن ئىشلار راستتىنلا يۈز بەردى. بىر نەچچە كۈننىڭ ئالدىدا ناھىيىلىك پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمى « XX ناھىيىسىنىڭ بۆلۈم دەرىجىلىك كادىرلارنى ئاشكارا تاللاپ ئۆستۈرۈش توغرىسىدىكى ئېلانى » نى ھەر قايسى ئىدارە ـ ئورگانلارغا تارقاتتى ھەتتا گېزىتلەرگىمۇ بەردى. مانا بۈگۈن بايرام بولغاندەك ناھىيىلىك پارتكوم بىناسىنىڭ ئالدىغا ھەر قايسى ساھەلەردىن نۇرغۇن كادىر توپلانغانىدى. ئۇلارنىڭ پاراڭلىرىدىن قايسى بىرىنىڭ « ھۆكۈمەت ئەمدى ئەقلىنى تېپىپتۇ، كادىرلارنى رىقابەت ئارقىلىق ۋەزىپىگە قويۇش جايىدا ئىش بوپتۇ » دېگەنلىرى ئاڭلانسا، يەنە قايسى بىرىنىڭ « مۇناسىۋەتكە تايىنىپ ئەمەل تۇتىدىغانلارنىڭ كۈنى تەس بوپتۇ، ئىقتىدارلىقلار كارامىتىنى كۆرسىتىدىغان چاغ كەپتۇ » دېيىشلىرى قۇلاققا ئاڭلىنىپ تۇراتتى. بىر ـ بىرلەپ كىرىپ ئۆزىنى تىزىمغا ئالدۇرغان كادىرلار قاتارىدا مەنمۇ ئۆزۈمنى تىزىمغا ئالدۇردۇم.

بىر نەچچە كۈندىن كېيىن يۈز تۇرانە ئىمتىھان باشلىنىپ، ئىمتىھان نۆۋىتى ماڭا كەلگەنىدى. مەن ئىدارىنىڭ تونۇشتۇرۇش خېتى ۋە دىپلومىمنى بەرگەندىن كېيىن، كۆزلىرى قارا يىلپىزنىڭ كۆزىدەك پارقىراپ تۇرىدىغان، ئايپاڭباش ئىمتىھان رىياسەتچىسى تونۇشتۇرۇش خېتىمگە بىر قۇر نەزەر سالغاندىن كېيىن، مەندىن ئىسمىڭىز نېمە؟ قىسقىچە تەرجىمىھالىڭىزنى سۆزلەڭ، دەپ سوئال سوراشقا باشلىدى.

ـ ئىسمىم دىلنەزەر، ئوتتۇرا تېخنىكوم ئوقۇش تارىخىغا ئىگە، ـ دېدىم مەن.

ـ توختاڭ، توختاڭ، قايتا دەڭ.

مەن ئاشۇ ئىككى سۆزنى قايتا تەكرارلىدىم.

ـ ئوتتۇرا تېخنىكوم پۈتتۈرگەن دېدىڭىزما؟ — ئىمتىھان رىياسەتچىسى سەل جىددىيلەشكەن قىياپەتتە دىپلومىمنى قايتا ۋاراقلاپ كۆرۈشكە باشلىدى، ـ كەچۈرۈڭ ئۇكام، ئىمتىھانغا قاتنىشىشقا شەرتىڭىز توشمايدىكەن. بۇ قېتىمقى ئاشكارا تاللاپ ئۆستۈرۈش ئىمتىھانىغا ئالىي تېخنىكوم ئوقۇش تارىخىدىن يۇقىرىلار قاتنىشىشى كېرەك. قابىلىيىتىمۇ بولۇشى كېرەك، مۇھىمى ئوقۇش تارىخىغا قارايمىز، خاپا بولماي قايتىپ قېلىڭ.

مەن رىياسەتچىنىڭ سۆزىدىن ھەممىنى چۈشەنگەندەك بولدۇم. ئەمدى ئۇنىڭغا ئۆزۈمنى تونۇشتۇرۇشنىڭ ھاجىتى قالمىغانىدى. شۇنداقتىمۇ كاللامدا دىپلومنىڭ قىممىتى ھەققىدە يېڭى بىر قاراش ئەكس ئېتىشكە باشلىدى.

مەسئۇل مۇھەررىر : سەمەت دۇگابىلى

# شىنجاڭ خىمىيە سانائىتى گۇرۇھى

ئادرېسى: جۇڭگو شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ئۈرۈمچى شەھىرى چېنتەي يولى 73 - نومۇر خۇڭپى سارىيىنىڭ 7 - قەۋىتىدە

تىزىمغا ئالدۇرغان مەبلىغى: 435 مىليون 700 مىڭ يۈەن

قانۇنىي ۋەكىلى: پېڭ سىكۈي

تەۋە ئورۇن: ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى

كارخانىنىڭ خاراكتېرى: چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى (دۆلەت مۇستەقىل مەبلەغ سالغان)

كارخانا تىپى: دۆلەتنىڭ چوڭ تىپتىكى كارخانىسى (ئاپتونوم رايون بويىچە ئەڭ چوڭ يەرلىك خىمىيە سانائىتى كارخانىسى)

تىجارەت دائىرىسى: خىمىيە سانائىتى كەسپى ۋە ئۇنىڭغا ئالاقىدار كەسپلەرگە مەبلەغ سېلىش، پىلانلاش ۋە تىجارەت قىلىش

قۇرۇلغان ۋاقتى: ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ش ھ [1997] 188 - نومۇرلۇق «شىنجاڭ خىمىيە سانائىتى گۇرۇھىنى قۇرۇشقا قوشۇلغانلىق توغرىسىدىكى تەستىق»قا ئاساسەن 1997 - يىلى 12 - ئاينىڭ 26 - كۈنى تىزىمغا ئالدۇرۇپ قۇرۇلغان.



خىمىيە سانائىتى كارخانىسى



گۇرۇھنىڭ قانۇنىي ۋەكىلى : پېڭ سىكۈي

بۇ گۇرۇھ شىركىتىنىڭ جەمئىي بىر مىليارد 499 مىليون يۈەنلىك مۈلكى، 6770 ئىشچى - خىزمەتچىسى بار، 2002 - يىلى مەھسۇلاتنى سېتىش سوممىسى 690 مىليون يۈەنگە، پايدا بېجىنى 120 مىليون يۈەنگە يەتكۈزدى، يىللىق سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنى 660 مىليون يۈەن ئورۇندىدى. شىركەت قارمىقىدىكى پېيى كونترول قىلىنىدىغان شىركەت—شىنجاڭ كۇئېنلۇن پاي چەكلىك شىركىتى ۋە شىنجاڭ جۇڭتەي خىمىيە پاي چەكلىك شىركىتى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ISO9000 سۈپەت سىستېما ئىجازەتنامىسىگە ئېرىشتى. بۇنىڭ ئىچىدە «كۇئېنلۇن» ماركىلىق بالون، «چىڭفېڭ» ماركىلىق كۆيدۈرگۈچى ئىشقار ۋە پولىۋىنىل ئاپتونوم رايوننىڭ داڭلىق مەھسۇلاتىغا ئايلاندى. «كۇئېنلۇن» ماركىلىق بالون شىنجاڭ بازىرىدا بىرىنچى ئورۇننى ئىگىلەپلا قالماي، باشقا ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلارنىڭ بازىرى ئىگىلىگەن مەھسۇلات

# شىخو ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى

شىخو ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى شىخو شەھىرىگە جايلاشقان، توك تارقىتىش، تېرمو ئېلېكتر، توك بىلەن تەمىنلەش ۋە ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى قۇرۇلۇش شىركىتىدىن ئىبارەت تۆت ئاساسىي قاتلام ئورۇندىن تەركىب تاپقان، توك تارقىتىش، توك ۋە ئىسسىقلىق بىلەن تەمىنلەش بىر گەۋدە قىلىنغان دۆلەت كارخانىسى.

شىركەت 1958 - يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، دەسلەپتە ئىشچى - خىزمەتچىدىن 12 سى، سىغىمچانلىقى 55 كىلوۋاتلىق سۇ ئورۇبىنىلىق گېنېراتور گۇرۇپپىسىدىن بىرسىلا بار ئىدى، 40 نەچچە يىللىق قۇرۇلۇش ۋە تەرەققىيات ئارقىلىق، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئالتە قېتىم كېڭەيتىپ قۇرۇلۇپ، ھازىر سىغىمچانلىقى 29 مىليون 600 مىڭ ۋاتقا يەتتى، ئىشچى - خىزمەتچىلەر قوشۇنى 572 كىشىگە يەتتى. ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىمۇ دەسلەپكى بىرىنچى دەرىجىلىك مىكرو سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسىدىن تەرەققىي قىلىپ، سۇ ئېلېكتر، ئوت ئېلېكتر، تېرمو ئېلېكتر بىرلەشتۈرۈلگەن يېپ - يېڭى قىياپەتكە كىردى.





شىركەت رەھبەرلىك بەنزىسى

دۆلەتنىڭ ئالاقىدار سىياسىتى بويىچە 1999 - يىلى 8 - ئايدا شىركەت يەرلىكتىن شىنجاڭ ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى شىركىتىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەندىن بۇيان، شىركەتنىڭ ئىقتىسادىي كۈچى زور دەرىجىدە ئاشتى، شىركەت يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇنلارنىڭ تەلىپى بويىچە تۈزۈلمىدە، تىجارەتتە، باشقۇرۇشتا، پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش قەدىمىنى ياڭال تېزلەتتى، 1999 - يىلدىن ھازىرغا قەدەر، يېزا ئېلېكتر تورى قۇرۇلۇشى ۋە ئۆزگەرتىپ ياساش قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن ئېلىپ بېرىپ، يەرلىكنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا تۆھپە قوشتى. ھازىر شىخو شەھىرىدىكى 16 يېزا، بازار ئېلېكتر بىلەن قاپلاندى، تېخىمۇ تەرەققىي قىلىش ئۈچۈن، شىركەت يۇقىرى دەرىجىلىك باشقۇرغۇچى ئارماقلارنىڭ رەھبەرلىكىدە قۇرۇلۇش سالمىقىنى ئۈزلۈكسىز زورايتماقتا.

# شىنجاڭ سەنلىيەن كارخانا گۇرۇھى

شىنجاڭ سەنلىيەن كارخانا گۇرۇھى 2000 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى قۇرۇلغان، ھازىر قارىمىقىدا ئۆي ـ زېمىن تەرەققىيات، بىناكارلىق، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى سانائىتى، بىناكارلىق پىلانلاش ـ لايىھەلەشتىن ئىبارەت ئۆت بالا شىركەت، قۇياش نۇرى يېمەك ـ ئىچمەك، كۆكۈل ئې. چىش مەركىزى، ئالتۇن قۇياش ساياھەت كوپېراتىپى، سۇلياۋ پولات ئىشلەش ـ دەرىزە شىركىتى قاتارلىق يېيى كونترول قىلىنىدىغان ئۈچ شىركەت؛ جۇڭغار ئېكولوگىيىسى، تېەنزى سىفىرى قاتارلىق ئىككى پاي قوشقان شىركەت بار، بۇ گۇرۇھنىڭ تىزىمغا ئالدۇرغان ئومۇمىي مەبلىغى 830 مىليون يۈەن، قۇرۇلۇش باش ھۆددىگەرلىكىدە ئىككىنچى دەرىجىلىك (قۇرۇلۇش باش ھۆددىگەرلىكىدىكى بىرىنچى دەرىجىلىك سالاھىيىتى ئاپتونوم رايونلۇق قۇرۇلۇش نازارىتى تەرىپىدىن تەكشۈرۈپ تەستىقلاندى، ھازىر دۆلەت قۇرۇلۇش مىنىستىرلىكىگە تەستىقلىتىشقا سۇنۇلدى)، ئۆي ـ زېمىن تەرەققىياتىدا ئىككىنچى دەرىجىلىك، قۇرۇ. لۇش لايىھەلەشتە B دەرىجىلىك سالاھىيەتكە ئىگە. بۇ كارخانا گۇرۇھى ھازىر شەھەردە ئۆي ـ زېمىن تەرەققىياتى، نېفىتلىك يەر ئۈستى قۇرۇلۇشى، ئېكولوگىيە ئورمىنى، سۇچىلىق قۇرۇلۇشى، كۆۋرۈك ۋە تەشمە قۇرۇلۇشى، ماشىنا ۋە ئېلېكتر ئۈسكۈنىلە. رىنى قۇراشتۇرۇش، شەھەر پىلانلاش، بىناكارلىق لايىھەلەش، قۇرۇلۇش ماتېرىياللە. رىنى ئىشلەپچىقىرىش، بېزەش، سودا ـ سانائەت، يېمەك ـ ئىچمەك مۇلازىمىتى، كۆكۈل ئېچىش، تەنتەربىيە، بەدەن چېنىقتۇرۇش قاتارلىق ساياھەتچىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇش بىر گەۋدە قىلىنغان، زامانىۋى كارخانا تۈزۈمى بويىچە قېلىپلاشتۇرۇپ قۇرۇلغان پاي تۈزۈمىدىكى كارخانا.


ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى جۇ شېڭخۇا گۇرۇھ شىركىتى مەسئۇللىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا جۇڭغار ئېكولوگىيە شىركىتى يېتىشتۈرۈش مەركىزىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى.


سەنلىيەن ئۆي ـ زېمىن تەرەققىيات شىركىتى قۇرغان قاراماي شەھىرى يويېجۇ تونجى ئەقلىي ئىقتىدارلىق ئولتۇراق ئۆي كىچىك رايونى ـ قۇياش نۇرى گۈللۈكى


كارخانا گۇرۇھىنىڭ مۇدىرىيەت باشلىقى قوشۇمچە ئىدىرى: خۇاڭ ۋېي

سەنلىيەن كارخانا گۇرۇھىنىڭ مۇدىرىيەت باشلىقى قوشۇمچە ئىدىرى: خۇاڭ ۋېي

ئادرېس : قاراماي شەھىرى تاخې يولى 145 ـ نومۇر

تېلېفون: 6230414 (0990)

فاكس: 6227571 (0990)

ئېلېكترونلۇق پوچتا يوللانمىسى: hwsl - ki @ xj. cninfo. net

## قەشقەر ۋىلايەتلىك مالىيە ئىدارىسى


ئىدارە رەھبىرى

2000 ـ يىلى قەشقەر ۋىلايىتى مالىيە خىزمىتىدە مالىيە خام چوت باشقۇرۇش تۈ. زۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىپ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، مالىيە مەبلىغىنى مۇۋاپىق تەڭشەپ، باج يىغىش ـ باشقۇرۇشنى چىڭ تۇتۇپ، مالىيە چىقىمىنى ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە ئازايتىپ، ماناش تارقىتىشقا ۋە نۇقتىلىق چىقىملارغا ئاساسىي جەھەتتىن كاپالەتلىك قىلدى. مالىيە كىرىمىنى 408 مىليون 650 مىڭ يۈەنگە يەتكۈزۈپ، يىللىق ۋەزىپىنى ئالدىنقى يىلدىكىدىن 15.53% ئاشۇرۇپ ئورۇندىدى. مالىيىدىن بىر مىليارد 350 مىليون 200 مىڭ يۈەن چىقىم قىلىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 20.62% ئاشۇردى.




مەملىكەت ئىچىدىكى بىر تۇتاش نومۇرى: CN65 — 1166 / D باھاسى : 2. 90 يۈەن
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 34 — 58 ئېلان رۇخسەتنامە نومۇرى : 01005433